# الجهاد في سبيل اللّٰه

## فضله وأسباب النصر على الأعداء

## اللّٰه يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى
## ۋە دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە
## قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى

سعيدبن علي بن وهف القحطاني

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىبنى ئۆمەر

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە


■ كىرىش سۆز ........................................ 2

1 . مۇقەددىمە ........................................ 6

2 . جىھاد دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت ۋە شەرىئەتتىكى مەنىسى ...... 10

3 . الله يولىدىكى جىھادنىڭ ھۆكمى ........................ 10

4 . الله يولىدا قىلىنىدىغان جىھادنىڭ باسقۇچلىرى .............. 15

5 . جىھاد قىلىشتىكى غايە ۋە مەقسەت ........................ 21

6 . دۈشمەنلەرگە قارشى قىلىنىدىغان جىھادنىڭ تۈرلىرى ......... 23

7 . الله يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى ...................... 26

8 . جىھادنى تەرك قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى ....................... 41

9 . ئۇرۇش مەيدانىنىڭ سىرتىدىكى شەھىدلەر ................. 43

10 . دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى ......... 45

■ تەرجىماندىن ........................................ 72

■ ئىزاھاتلار ........................................ 78

# بسم الله الرحمن الرحيم

## كرىش سۆز

بارلىق گۈزەل ماختاشلار، بىزلەرنى يوقتىن بار قىلغان، ئىسلام شەرىپى بىلەن ياخشى ئۈممەت قىلغان، جىهاد ئىبادىتى بىلەن دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ ياشاشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئۇلۇغ ئىگىمىز الله قا بولسۇن! ئۇ الله دىن، ئازغۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىككە تولغان ئىنسانىيەتنى ھەققانىي بىر ئادىل دىنغا دەۋەت قىلىپ، دەۋەتكە يۈتلاكاشاڭ بولغانلارنى جىهاد ئىبادىتى بىلەن بويسۇندۇرۇپ رىسالەت ئامانىتىنى تولۇق يەتكۈزگەن يول باشچىمىز، ئەسكىرىي قۇماندانىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا، مۇخلىس ساھابىلىرىغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. شۇنداقلا جىهاد ئىبادىتىنى ئىسسىق قېنى بىلەن ئادا قىلىپ شەھىد بولغان قېرىنداشلارغا ئالى ماقام، شەھىدلىكنى كۈتۈپ ئالدىنقى سەپلەردە تۇرۇۋاتقان مۇجاھىد قېرىنداشلارغا غەلبە - نۇسرەت تىلەيمىز.

ئەزىز قېرىنداشلار، الله تائالا جىهاد ئىبادىتىنى شارائىتقا قاراپ بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىپ بېكىتىپ، جىهاد قىلغۇچى مۇجاھىدلارغا دۇنيا - ئاخىرەتتە سان - ساناقسىز نازۇ - نېمەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ھەتتا جەننەتتە مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئالاھىدە 100 دەرىجە تەييارلىغانلىقىنى ھەم بايان قىلدى. ئەپسۇس، مىڭلارچە ئەپسۇس! نامى مۇسۇلمان ئاتالغان مىليونلارچە مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە جىهادتىن بىھاجەتمۇ؟ مۇسۇلمانلارغا جىهاد پەرزى كۈپايە بولۇپ قالدىمۇ يە؟ ياكى دۇنيا كاپىرلىرى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە

قىلىۋاتقان قانخۇرلىقنى توختۇتۇپ مۇسۇلمانلارغا كۆيۈمچان بولۇپ قالدىمۇ؟

پەقەتلا دۇنيا ئاخباراتلىرى ئېتىراپ قىلغان تەشۋىقاتلارغا قاراڭ! پەلەستىن، ئافغانىستان، ئىراق قاتارلىق رايۇنلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرۇلۇۋاتقان بومباردىمان بەلكىم يامغۇردىكى چاقماق، دۇختۇرخانىلاردا بەدىنى تىتىلىپ ئىڭراۋاتقان مۇسۇلمانلار بەلكىم پۇتبول ۋە ياكى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ھادىسىگە يولۇققانلارمۇ؟

ئەي مۇسۇلمانلار زادى نېمە دەپ ئۆزىمىزنى ئاقلايلى!!!

الله نىڭ بۇيرۇقى، پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتى، ئۆزىمىزنىڭ بىر جەسەدى بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىڭراشلىرى بىزنى ئالدىنقى سەپكە ئەكىلەلمىسە بىز ئىماندىن، مۇسۇلماندارچىلىقتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچارمىز؟!

الله تائالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَنْ جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ إِنَّ اللَّهَ لَغَنِيٌّ عَنْ الْعَالَمِينَ ــ كىمكى جىھاد قىلىدىكەن ئۇنىڭ قىلغان جىھادى پەقەت ئۆزىنىڭلا پايدىسى ئۈچۈندۇر، الله ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر.﴾ ـ سۈرە ئەنكەبۇت 6 ـ ئايەت.

الله نىڭ جىھاد ئىبادىتىنى پەرز قىلىپ بېكىتىشتىكى مەقسىتى جان ئالىدىغان، جان بېرىدىغان مەيداندا ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. جىھاد، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىغا سادىق ياكى كازىب دېگەن تامغىنى ئورۇدۇ ــ كىملەردۇر ئۆزى دەۋا قىلىۋاتقان ئىماننىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئورۇنداپ مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىدۇ، كىملەردۇر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەۋا قىلغان ئىماننىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىشكە چىدىماي شەرمەندىلەرچە كازىزاپ بولىدۇ!

**ئەي ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بىز جىھاد قىلايلى ياكى قىلمايلى جىھاد، بىر تۈركۈم ھەقىقەتچى، مۇخلىس مۇجاھىدلارنىڭ قولى بىلەن قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.**

عَن ابْنِ جُرَيْجٍ قَالَ أَخْبَرَنِي أَبُو الزُّبَيْرِ أَنَّهُ سَمِعَ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللَّهِ يَقُولُا سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ:« لَا تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمَّتِي يُقَاتِلُونَ عَلَى الْحَقِّ ظَاهِرِينَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ قَالَ فَيَنْزِلُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَيَقُولُ أَمِيرُهُمْ تَعَالَ صَلِّ لَنَا فَيَقُولُ لَا إِنَّ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ أُمَرَاءُ تَكْرِمَةَ اللَّهِ هَذِهِ الْأُمَّةَ **— مىنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەقىقەت ئۈستىدە غالىب ھالدا قىيامەتكىچە ئۇرۇش (جىھاد) قىلىدۇ. ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەمىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا: < بۇ يەرگە كېلىڭ، بىزگە (ئىمام بولۇپ) ناماز ئوقۇپ بېرىڭ > دەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: < ياق، اللہ تائالا بۇ ئۈممەتنى ھۆرمەتلىك قىلغانلىقى يۈزىسىدىن سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلار بەزىلىرىڭلار ئۈستىگە ئەمىر > دەيدۇ.»** ـ مۇسلىم رىۋايىتى.

**ھەقىقەتەن ئىسلام ئۈممىتى ھەر تەرەپتىن خار بولۇۋاتقان بۇ زامانلاردا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدلارنىڭ ئازلىقى، ھەر يىلى مەككىگە بېرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتقان تۆت مىليۇنغا يېقىن مۇسۇلمانلارنى ئەسلەتمەي قالمايدۇ. اللہ تالادىن سورايمىزكى، اللہ بىزلەرگە قۇللۇقنى بەخت، زۇلۇمنى خۇشاللىق، قۇساق تويغاننى سائادەت قىلىپ كۆرسەتمىسۇن! اللہ بىزلەرنى ئەقىدىسى ئۈچۈن جان بەرگەن سادىق ساھابىلار كەبى كاپىرلارغا دەھشەتلىك، ئۆزئارا كۆيۈمچان مۇجاھىدلاردىن قىلىپ بەرسۇن!**

ﷲ يولىدا جىهاد سېپىگە ئاتلانغان ھەر بىر مۇجاھىد قىلماقچى بولغان جىھادىنىڭ مەقسىدى، غايىسى، كىم بىلەن قىلىدىغانلىقى، كىمگە قارشى قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىرنەچچە تۈرلۈك شەرئى دەلىلگە ئاساسلىنىشى لازىم. باشقا ئىبادەتلەردە خاتا كەتسە تەۋبە قىلىش، ئەپۇ سوراش، تۈلەپ بىرىش قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىلىق ئورنىنى تولۇقلىۋالغىلى بولغىنى بىلەن؛ ئۆلتۈرىمەن، ئۆلىمەن دەپ ئاتلانغان ھەر بىر مۇجاھىد قىلغان جىھادىدا خاتا كەتسە مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقىنىدەك جىھاد ـ ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالى چوققىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا خاتا كىتىپ يىقىلغان كىشى جەھەننەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئورەكلىرىگە يىقىلىدۇ (ﷲ ساقلىسۇن!).

ئەزىز مۇجاھىد قېرىنداشلار! قولۇڭىزلاردىكى بۇ كىچىك كىتاپچە ھەجمى كىچىك بولغىنى بىلەن مۇجاھىدلارغا زۆرۈر بولغان بەزى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كىتاپچىنى ئالدىنقى سەپتە ۋە رىبات ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋاتقان مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزغا ئاز بولسىمۇ ئىلىم بىرەر دېگەن مەقسەتتە تەييارلىدۇق. تەرجىمە جەريانىدا، بەزى ئۇقۇملارنى چۈشىنىشلىك ئىپادىلەشتە يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. كەڭ مۇجاھىد قېرىنداشلارنىڭ توغرا چۈشۈنۈشىنى ۋە پىكىر بىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. تەرجىمە ۋە تەھرىر جەريانىدا كىتاپچىدىكى بەزى سۆز ئىبارىلەر ئاممىبابلاشتۇرۇلدى. تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ قىستۇرمىسى ( ) تىرناق ئىچىگە ئېلىندى.

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات مەركىزى

# مۇقەددىمە

پۈتـۈن ھەمـدۇ ـ سـانا ۋە ماختاشـلار ئالەملـەرنىڭ پادىشـاھى ﷲ تائالاغـا خاستۇر. بىز، ئۇ ﷲ تائالاغا سـان ـ ساناقسـىز ھەمـدۇ ـ سـانالار ئېيتىمـىز.ئـۇ ﷲ تائـالادىن يـاردەم سـورايمىز، مـەغپىرەت تىلـەيمىز، نەپسـىمىزنىڭ يامـانلىقى، ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن ﷲ بىلەن پاناھ تىلـەيمىز. ﷲ، قانـداق بىـر كىشـىنى ھىدايەتكە باشـلايدىكەن ئـۇ كىشـىنى ھېچكـىم گـۇمراھلىققا باشـلىيالمايدۇ، ﷲ قانداق بىر كىشىنى (ئۆزىنىڭ ئازغۇنلىقنى تاللىغـانلىقى سـەۋەبلىك) ئازغۇنلۇقتـا قويىدىكــەن ھېچكــىم ھىدايەتكــە باشــلىيالمايدۇ. گــۇۋاھلىق بېرىمــەنكى، ﷲ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ﷲ بىردۇر، ئـۇنىڭ ھېچبىـر شىرىكى يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالانىڭ بەندىسـى ۋە ئەلچىسـىدۇر، ئـۇ رىسـالەت يەتكـۈزۈش ئامـانىتىنى ئـادا قىلـدى، ئۈممەتكە ھەق نەسىھەتنى قىلدى، ﷲ يولىدا ھەقىقى جىھاد قىلدى.

ﷲ نىڭ سالام ۋە رەھمىتى ـــ پەيغـەمبىرىمىز مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامغا، ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا سـادىقلىق بىلـەن ئەگەشكەنلەرگـە بولسۇن. ئامىن!

مانا بۇ « ﷲ يولـدا جىھـاد قىلىشـنىڭ پـەزىلىتى ۋە دۈشمەنلـەر ئۈسـتىدىن غەلىبــە قىلىشــنىڭ ســەۋەبلىرى » دېگــەن قىســقارتىلما سـۆزلەرنى ئاسمــان ئاستىدىكى، زېمىن ئۈستىدىكى، زېمىننىڭ شەرق ۋە غـەرب تەرەپلىرىـدىكى ﷲ نـىڭ سـۆزىنى ئۈسـتۈنلۈككە چىقـىرىش مەقسـىتىدە جىھـاد قىلىۋاتقـان بـارلىق مۇجاھىــد لارغـا سـۇنماقچىمەن. ﷲ تائـالادىن دۇنيـانىڭ ھەرقايسـى جايلىرىـدا

جىهاد قىلىۋاتقان بۇ مۇجاھىدلارغا ياردەم بېرىشنى، ئۇلارنى الله نىڭ ياردىمى چۈشۈشكە سەۋەب بولىدىغان سەۋەبلەرگە، سۆز ۋە ھەركەتتە ئىخلاسمەن بولۇشقا، الله تائالا تەرىپىدىن ۋەدە قىلىنغان نازۇ ـ نېمەتلەرگە قىزىقىشقا ۋە دۇنيا ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت، پايدىلىق تىجارەت (جىهاد) كە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمەن.

﴿ إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنْ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمْ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنْ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمْ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ــــ شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ( دۈشمەنلەرنى ) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىلىدۇ ( يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىهاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)، ( جىهاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش ) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان ( الله نىڭ ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ ( يەنى الله دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ﴾ ـ سۈرە تەۋبە، 111 ـ ئايەت.

الله تائالا جەننەتنى ۋەدە قىلىش بىلەن خۇش بىشارەت بەرگەن شۇ باتۇر مۇجاھىدلارنىڭ چىرايلىق سۈپەتلىرى، ئالى دەرىجىلىك ئەمەللىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

الله تائالا (ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ) مۇنداق دەيدۇ:﴿ التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدُونَ الْآمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ

وَالنَّـاهُونَ عَـنْ الْمُنكَـرِ وَالْحَـافِظُونَ لِحُـدُودِ اللَّـهِ وَبَشِّـرْ الْمُـؤْمِنِينَ ـــ ( گۇناھلىرىدىن ) تەۋبە قىلغۇچىلار، ( ئىخلاس بىلەن ) ئىبادەت قىلغۇچىلار، ( الله قا ) ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار ( يەنى الله نىڭ بىكىتكەن پەرىزلىرىنى ئادا قىلىپ نەھى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر )؛ مۇئمىنلەرگە ( جەننەت بىلەن ) خۇش خەۋەر بەرگىن.﴾ ـ سۈرە تەۋبە 112 ـ ئايەت.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:﴿ يَاأَيُّهَـا الَّـذِينَ آمَنُـوا هَـلْ أَدُلُّكُـمْ عَلَـى تِجَارَةٍ تُنجِيكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ (10) تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِـي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ (11) يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِـنْ تَحْتِهَـا الْأَنْهَـارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَـةً فِـي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ (12) وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِـنَ اللَّـهِ وَفَـتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرْ الْمُؤْمِنِينَ ــ ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟(10) الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ( چىن ) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر (11).( شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا ( تۇرغۇزىدۇ )، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر (12). سىلەرگە ( مەرھەمەت قىلىنىدىغان ) سىلەر

ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت اللّٰه دىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلبە ( يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى ) دۇر، ( ئى مۇھەممەد! ) مۇئمىنلەرگە ( بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن ) خۇش خەۋەر بەرگىن (13)﴾ ـ سۈرە سەف.

﴿وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا ـــ كىمكى اللّٰه يولىدا جىهاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغان كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز.﴾ ـ سۈرە نىسا، 74 ـ ئايەت.

شۇنىڭغا ئوخشاش، اللّٰه تەبارەك ۋەتائالادىن ھەممە مۇسۇلمانلارنى اللّٰه يولىدا جىهاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارغا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن، دۇئالىرى بىلەن ۋە ئۆزى قادىر بۇلالىغانلىكى نەرسىلىرى بىلەن ياردەم قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمەن. چوقۇم ئۇ اللّٰه، شۇلارنىڭ ئىگىسىدۇر ۋە ئۇنىڭغان قادىردۇر، اللّٰه، بىزگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر، ئەجەپ ياخشى تاياپچىدۇر. اللّٰه نىڭ ياردىمىسىز ياخشىلىقنى قىلغىلى، يامانلىقتىن يانغىلى زادىلا بولمايدۇ. ئى اللّٰه، يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە ئومۇمى ساھابىلارغا رەھمەت ۋە بەركەت ئاتا قىلغىن.

# جىھاد دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت ۋە شەرئەتتىكى مەنىسى

لۇغەت مەنىسى: سۆز ـ ھەركەتتە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى چىقىرىش.

شەرئەتتىكى مەنىسى: مۇسۇلمانلار ــ كاپىر، باغى، مۇرتەد ۋە باشقىلارغا قارشى ئورۇشتا بارلىق كۈچ قۇۋۋىتىنى چىقىرىش.

# ﷲ يولىدىكى جىھادنىڭ ھۆكمى

جىھاد ئىبادىتى مۇسۇلمانلار ئۈستىگە پەرزى كۇپايە بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن يېتەرلىك كىشىلەر چىقسا باشقىلاردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُوا كَافَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ ــ مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقىتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنى ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ﷲ دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾ ــ سۈرە تەۋبە 122 ـ ئايەت.

## پەرزى كۇپايە جىھاد ئۈچ ھالەتتە پەرزى ئەينگە ئايلىنىدۇ

1. بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان كىشى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار قارمۇ ـ

قارشى ئېلىشىش مەيدانىغا دۈچ كېلىپ قالسا، بۇ كىشىگە شۇ جىهاد، پەرزى ئەيىن بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا ... ـــ ئى مۇئمىنلەر! ( مۇشرىكلاردىن ) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا ) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، ... ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 45 ـ ئايەت.

﴿ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمْ الْأَدْبَارَ (15) وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنْ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ ـــ ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۈچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار ( يەنى قاچماڭلار). كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ( ياكى ياردەم تىلەش ) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن ( يەنى قاچىدىكەن )، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 15 ـ، 16 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىشنىڭ ئىنسانى ھالاكەتكە تاشلايدىغان يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. (بۇخارى)

2. مۇسۇلمانلار رايونلىرىدىن بىرىگە كاپىرلار بېسىپ كىرسە، شۇ رايون ئەھلىگە بېسىپ كەلگەن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش پەرزى ئەيىن بولىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ شەھەر ئەھلىگە ياردەم بېرىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ رايون ئەھلىنىڭ تاجاۋۇزچى كاپىرلارنى چىقىرىشقا كۈچ ـ قۇۋۋىتى يەتمىسە،

شۇ بېسىۋېلىنغان رايۇننىڭ قوشنا رايۇنىغا ھەم پەرزى ئەين بولىدۇ. شۇنداق تۈرۈقلۇق ھەم كۆچى يەتمىسە ئۇنىڭ قوشنا رايۇنلىرىغا پەرزى ئەين بولۇپ كېتىۋېرىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قَاتِلُوا الَّذِينَ يَلُونَكُمْ مِنْ الْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا فِيكُمْ غِلْظَةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ ـــ ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇپپارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر). ﴾ ـــ سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەت.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى (ئەمىرى) ئومۇمى يۈزلۈك جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلسا، جىھادقا چىقىش پەرزى ئەين بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿انفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ـــ (ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوكۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ﴾ ـــ سۈرە تەۋبە 41 ـ ئايەت.

ابْنِ عَبَّاس رَضِي اللَّه عَنْهممَا نەقىل قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەككە پەتھى كۈندىسىدە مۇنداق دېگەن: « لَا هِجْرَةَ بَعْدَ الْفَتْحِ وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ فَانْفِرُوا ــــ مەككە فەتھىسىدىن كېيىن ھىجرەت قىلىنمايدۇ. ئەمما جىھاد ئۈچۈن نىيەت بولىدۇ، ئەگەر جىھادقا چاقىرىلساڭلار چىقىڭلار.» (بۇخارى رىۋايىتى)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمْ انفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنْ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ــ ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى ( بەخت ) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر.﴾ ـ سۈرە تەۋبە 38 ـ ئايەت.

## جىھاد، ئەسلى پەرزى ئەيىن

جىھاد ــ قەلب بىلەن، تىل بىلەن، ئىقتىساد بىلەن ياكى قول بىلەن قىلىنىدۇ. ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ، الله يولىدا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ جىھادى تۈرلەردىن قايسى تۈرنى بولمىسۇن زۇرۇر بولغاندا، ھاجىتىگە ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىگە قاراپ ئىجرا قىلىشى ۋاجىبتۇر.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە، جان بىلەن ۋە مال بىلەن جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان بۇيرۇقلار ناھايىتى كۆپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنۇ ھەدىسىمۇ شۇنى تەكىتلەيدۇ:

أَنَس بْنِ مَالِكٍ رَضِي اللَّه عَنْه نەقىل قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « جَاهِدُوا الْمُشْرِكِينَ بِأَلْسِنَتِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ وَأَمْوَالِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ ــــ سىلەر مۇشرىكلارغا قارشى تىللىرىڭلار بىلەن، جانلىرىڭلار بىلەن، ماللىرىڭلار بىلەن ۋە قۇلۇڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

# اللّٰه يولىدا قىلىنىدىغان جىھادنىڭ باسقۇچلىرى

جىھاد تۆت باسقۇچ بىلەن بولىدۇ.

1. ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش.
2. شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش.
3. كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىش.
4. زالىملار، بىدئەتچى ۋە مۇنكەر ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا قارشى جىھاد قىلىش.

## 1 ـ نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش تۆت باسقۇچ بىلەن بولىدۇ:

(1) ئىنسان ئۇنى بىلمىسە ـ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە، غەلبە ـ نۇسرەتكە يەتكىلى بولمايدىغان ئاساسلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىش.

(2) ئۆگەنگەن ئىلمىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش. چۈنكى ئەمەلسىز ئىلىم زىيان ئېلىپ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ پايدا بەرمەيدۇ.

(3) (شۇ بىلگەن ئىلىم بىلەن كىشىلەرگە) ھېكمەتلىك يوسۇندا دەۋەت قىلىش. بىلمەيدىغان كىشىلەرگە ئۆگىتىش.

ئەگەر يۇقارقىلارنى قىلىشقا تىرىشىپ كۆرمىسە ياكى قىلمىسا، اللّٰه چۈشۈرگەن، (كىشىلەرنى ھەقىقەتكە باشلايدىغان) ھىدايەت ۋە (رۇشەن دەلىللىك قۇرئانى كەرىمدىن ئىبارەت) ھۆججەتنى يوشۇرغان بولىدۇ، قىلغان ئەملى پايدا بەرمەيدۇ ۋە اللّٰه نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ.

(4) كىشىلەرنى ھەقىقەتەن دەۋەت قىلىش جەريانىدا يەتكەن جاپا ـ مۇشەققەت، ئازار ـ كۆلپەتلەرنى اللە نىڭ رىزاسىنى كۆزلەپ قوبۇل قىلىش ۋە سەبرى قىلىش. كىمكى (ئەنە شۇنداق) ئۆگەنسە، ئەمەل قىلسا، سەبرى قىلسا ئاسمانلار پادىشاھى اللە تائالا تەرىپىدىن ئەزىمەتلىك (ناھايىتى ياخشى) كىشى دەپ چاقىرىلىدۇ.

## 2 ـ شەيتانغا قارشى جىھاد قىلىش ئىككى باسقۇچ بىلەن بولىدۇ

(1) ئىنسان (دىنغا تەسىر كۆرسىتىدىغان) ھەرقانداق شەك – شۈبھە، بۇزۇق ـ باتىل ئەقىدىلەردىن مۇداپىيەلىنىش.

(2) نەپسانى شەھۋەتلەر ۋە بۇزۇق پىكىر ـ خىياللاردىن مۇداپىيەلىنىش.

بۇ جىھادنىڭ بىرىنچىسى ھەقىقى ئىشەنچىدىن كېيىن، ئىككىنچىسى ھەقىقى سەبرىدىن كېيىن مۇقۇملىشىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ ـــ ئۇلار (كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پىشىۋالار قىلدۇق.﴾ ـــ سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت.

شەيتان ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا... ـــ شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار...﴾ ـ سۈرە فاتىر 6 ـ ئايەت.

## 3 ـ كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىش تۆت باسقۇچ بىلەن بولىدۇ

(1) قەلب بىلەن (يەنى يامان كۆرۈش ئارقىلىق).

(2) تىل بىلەن (يەنى خاتالىقنى سۆزلەش ۋە جىھادقا تەرغىب قىلىش ئارقىلىق).

(3) ئىقتىساد بىلەن (يەنى جىھادقا پۇل تەقدىم قىلىش ئارقىلىق).

(4) قول بىلەن (يەنى قۇراللىق يۈزمۇ ـ يۈز جىھاد قىلىش ئارقىلىق).

كاپىرلارغا قارشى قىلىنىدىغان جىھاد قول بىلەن قىلىنىدۇ، مۇناپىقلارغا قارشى قىلىنىدىغان جىھاد، تىل بىلەن قىلىنىدۇ.

## 4 ـ زالىم تاجاۋۇزچىلار ۋە مۇنكەر ئىش قىلىدىغان بىدئەتچىلەرگە قارشى جىھاد قىلىش ئۈچ باسقۇچ بىلەن بۇلىدۇ:

(1) ئەگەر مۇجاھىد قۇدرىتى يەتسە قول بىلەن قىلىدۇ.

(2) ئەگەر قول بىلەن قىلىشتىن ئاجىز كەلسە تىل بىلەن قىلىدۇ.

(3) ئەگەر تىل بىلەن قىلىشتىنمۇ ئاجىز كەلسە قەلب بىلەن نارازى بولىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ وَذَلِكَ أَضْعَفُ الْإِيمَانِ ــ سىلەرنىڭ قايسى بىرىڭلار مۇنكەر ئىشنى كۆرسە قولى بىلەن تۈزەتسۇن، ئەگەر قۇدرىتى يەتمىسە تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، ئەگەر

قۇدرىتى يەتمىسە قەلبىدە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرسۇن، مانا بۇ (قەلبىدە نارازى بولۇش) ناھايىتى ئاجىز ئىمان.» (مۇسلىم)

مانا بۇ جىھادنىڭ 13 باسقۇچ ۋە تۈرلىرى.

ﷲ نىڭ نەزىرىدە كامىل كىشىلەر، جىھادنىڭ باسقۇچ ـ تۈرلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. جىھاد باسقۇچلىرىنىڭ يەڭگىل ـ مۈشكۈللىكىگە قاراپ، ﷲ تائالانىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىمۇ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ﷲ نىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ئەڭ كامىلى، ئەڭ ھۆرمەتلىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ زات جىھادنىڭ باسقۇچ ـ تۈرلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ﷲ رىزاسى ئۈچۈن ھەقىقى جىھاد قىلغان كىشىدۇر. ئۇ كىشىگە كېچە ـ كۈندۈز، ﷲ نىڭ دۇئا ۋە سالاملىرى بولسۇن. (ئىبنى قەييۇمنىڭ «زاد المعاد» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.)

ﷲ نىڭ يولىدا تاشقى دۈشمەنلەر (كاپىرلار، مۇناپىقلار، زالىملار ۋە بىدئەتچىلەر) گە قارشى جىھاد قىلىش، ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشقا قارىغاندا خېلى يەڭگىل تۇرىدۇ.

بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِالْمُؤْمِنِ مَنْ أَمِنَهُ النَّاسُ عَلَى أَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ وَالْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ النَّاسُ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ وَالْمُجَاهِدُ مَنْ جَاهَدَ نَفْسَهُ فِي طَاعَةِ اللَّهِ وَالْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ الْخَطَايَا وَالذُّنُوبَ ــ سىلەرگە مۇئمىن كىشى توغرىسىدا خەۋەر بېرەيمۇ!؟ مۇئمىن: كىشىلەر ئۇنىڭدىن ماللىرى، جانلىرى ھەققىدە خاتىرجەم بولغان كىشى. مۇسۇلمان: كىشىلەر ئۇنىڭ تىلىدىن، قولىدىن سالامەت بولغان كىشى.

مۇجاھىد: اللّٰه قا ئىتائەت قىلىشتا ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى. مۇھاجىر: خاتالىق ۋە گۇناھ بولۇدىغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشى» دەپ خەۋەر بەرگەن. (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

ئەسلىدە نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش، تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن. چۈنكى، اللّٰه نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش توغرىسىدا، اللّٰه رىزاسىنى ئىزدەپ ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلالمىغان كىشىنىڭ تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ـ سول تەرىپىدە غەلىبە قىلغۇچى دۈشمەنلىرى تۇرۇقلۇق تاشقى دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلمەن دېگەن كىشى قانداقمۇ غەلىبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشەلەيدۇ!؟

ئۆز نەپسىگە قارشى جىھادقا ئاتلىنالمىغان كىشى تاشقى دۈشمەنگە قارشى جىھادقا چىقالمايدۇ.

مانا بۇ، ئىككى دۈشمەن. بەندە ئۈچۈن بۇ ئىككى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىدا ئۈچۈنچى بىر دۈشمەنمۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلماي تۇرۇپ ئىككى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلالمايدۇ. بۇ دۈشمەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئىنساننى ئۇئىككى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشتىن قورقۇتۇپ مەغلۇبىيەتكە باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئىككىسىگە قارشى جىھاد قىلىشتىكى جاپا ـ مۇشەققەت، دۇنيا لەززەتلىرىنىڭ قولدىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ قورقۇتۇپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئىككى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن بىرىنچى ئەشەددى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشى لازىم. مانا بۇ ئۈچۈنچى دۈشمەن ئۇ

ئىككىسىگە قارىغاندا ئەسلى خەتەرلىك دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ (مەلئۇن لەنتى) شەيتاندۇر.

# جىهاد قىلىشتىكى غايە ۋە مەقسەت

ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا قىلىنىدىغان جىهادتىن مەقسەت ۋە نىشانلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنْ انتَهَوْا فَإِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ـــ پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ﷲ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ( كۇفرىدىن ) يانسا، ﷲ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ.﴾ ــ سۈرە ئەنفال 39 ـ ئايەت.

﴿ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ لِلَّهِ فَإِنْ انتَهَوْا فَلَا عُدْوَانَ إِلَّا عَلَى الظَّالِمِينَ ـــ تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ﷲ نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ.﴾ ــ سۈرە بەقەرە 193 ـ ئايەت.

بۇنىڭغا قارىغاندا جىهاد قىلىشتىكى مەقسەت ۋە نىشان تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ﷲ نىڭ سۆزىنى (يەنى ھۆكمىنى) ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللَّهِ هِيَ الْعُلْيَا فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ــ قانداق كىشى ﷲ نىڭ سۆزىنى (يەنى ھۆكمىنى) ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن جىهاد قىلىدىكەن، مانا بۇ ﷲ يولىدا قىلىنغان بولىدۇ.» (بۇخارى)

2. زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنْ الرِّجَال وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَان الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَل لَنَا مِنْ لَدُنْكَ وَلِيًّا وَاجْعَل لَنَا مِنْ لَدُنْكَ نَصِيرًا ــ (ئى مۇئمنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): « ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر. ﴾ ــ سۈرە نىسا 75 ـ ئايەت.

## 3. ئىسلامنى قوغداپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَمَنْ اعْتَدَى عَلَيْكُمْ فَاعْتَدُوا عَلَيْهِ بِمِثْل مَا اعْتَدَى عَلَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ ــ بىراۋ سىلەرگە قاپىلىك چېقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار؛ الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر. ﴾ ــ سۈرە بەقەرە 194 ـ ئايەت.

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْض لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ــ ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە الله نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم

بىرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللە ئۇنىڭغا ياردەم بىرىدۇ، اللە ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.﴾ ـ سۈرە ھەج 40 ـ ئايەت.

# دۈشمەنلەرگە قارشى قىلىنىدىغان جىھادنىڭ تۈرلىرى

دۈشمەنلەرگە قارشى قىلىنىدىغان جىھادنىڭ بىرنەچچە تۈرلىرى بولۇپ ئۇلاردىن:

1. كاپىر، مۇناپىق ۋە مۇرتەدلەرگە قارشى جىھاد قىلىش. (« زاد المعاد، المغني» دېگەن كىتابلارغا قاراڭ.)

2. تاجاۋۇزچى باغىلارغا قارشى جىھاد قىلىش. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاساسسىز تەئۋىللەر بىلەن ئىسلام ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرىنى باشقىغا ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. « المغني » دېگەن كىتابقا قاراڭ.

اللە تائالا بۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَإِنْ طَائِفَتَانِ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَإِنْ بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللَّهِ فَإِنْ فَاءَتْ فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ(9) إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ـ ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى اللە نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئورۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (اللە نىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى

(ھېچبىر تەرەپكە يانباسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، اللہ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.﴾ — سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ، 10 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « إِنَّهُ سَتَكُونُ هَنَاتٌ وَهَنَاتٌ فَمَنْ أَرَادَ أَنْ يُفَرِّقَ أَمْرَ هَذِهِ الْأُمَّةِ وَهِيَ جَمِيعٌ فَاضْرِبُوهُ بِالسَّيْفِ كَائِنًا مَنْ كَانَ ــ پات يېقىندا چوقۇم پىتنە ۋە بىدئەت ئىشلار يۈز بېرىدۇ. (بۇ ۋاقىتتا) كىمكى تويلىشىپ تۇرغان مۇسۇلمان جامائىتىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنسا كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار.» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ:« مَنْ أَتَاكُمْ وَأَمْرُكُمْ جَمِيعٌ عَلَى رَجُلٍ وَاحِدٍ يُرِيدُ أَنْ يَشُقَّ عَصَاكُمْ أَوْ يُفَرِّقَ جَمَاعَتَكُمْ فَاقْتُلُوهُ ــ قانداق بىر كىشى، سىلەر تويلىشىپ بىر كىشىگە ئىتائەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا سىلەرنىڭ ئاراڭلارنى بۇزۇش، جامائىتىڭلارنى پارچىلاش ئۈچۈن كەلسە ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرىڭلار.» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

3. دىنىنى، جېنىنى، ئەھلىنى ۋە مېلىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىش بۇ تۈرگە بۇلاڭچى قاراقچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشمۇ كىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« مَنْ قُتِلَ دُونَ مَالِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ أَهْلِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ دِينِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ دَمِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ ـــ قانداق كىشى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد. قانداق كىشى ئۆزىنىڭ ئەھلىنى قوغداش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد. قانداق كىشى ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداش

جەريانىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد. قانداق كىشى ئۆزىنىڭ قېنىنى قوغداش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد.» (نسائى)

جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فَقَالَ: الرَّجُلُ يَأْتِينِي فَيُرِيدُ مَالِي، قَالَ:« ذَكِّرْهُ بِاللَّهِ» قَالَ: فَإِنْ لَمْ يَذَّكَّرْ قَالَ:« فَاسْتَعِنْ عَلَيْهِ مَنْ حَوْلَكَ مِنَ الْمُسْلِمِينَ» قَالَ: فَإِنْ لَمْ يَكُنْ حَوْلِي أَحَدٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ قَالَ: « فَاسْتَعِنْ عَلَيْهِ بِالسُّلْطَانِ» قَالَ فَإِنْ نَأَى السُّلْطَانُ عَنِّي قَالَ:« قَاتِلْ دُونَ مَالِكَ حَتَّى تَكُونَ مِنْ شُهَدَاءِ الْآخِرَةِ .»

« بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ قېشىغا كېلىپ: < بىر كىشى مېنىڭ ماللىرىمنى ئېلىۋېلىشنى قەستلەيدۇ. > دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: < ئۇ كىشىگە الله نى ئەسلەت> دېدى. ئۇ كىشى يەنە: < ئەگەر الله نى ئەسلىمىسچۇ؟ > دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: < ئەتراپىڭدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم سورىغىن. > دېدى: ئۇ كىشى يەنە: < ئەگەر ئەتراپىمدا مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسىمۇ بولمىسىچۇ؟ > دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : < پادىشاھتىن ياردەم سورىغىن. > دېدى. ئۇ كىشى يەنە: < ئەگەر پادىشاھ مېنىڭدىن يىراق بوولسىچۇ؟ > دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : < مېلىڭنى قوغداش ئۈچۈن ئاخىرەت شەھىدلىرىدىن بولغانغا قەدەر ئورۇشقىن. > دېدى.» (نەسائى رىۋايىتى)

# ﷲ يولدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى

جىھادنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان دەلىللەر بار. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان كاتتا ساۋاب ـ مۇكاپاتلارنىڭ تۈرلىرى ھەم كۆپ. مىسال سۈپىتىدە خۇلاسىلەپ تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1. ﷲ يولىدا (ئىسلام دىيارلىرىنىڭ چېگرالىرىنى قوغداپ) جىھادنى كۈتۈپ (رىباتتا) تۇرۇش

ئىسلام دىيارلىرىنىڭ ئاجىز چېگرا رايونلىرىنى دۈشمەنىنىڭ تۇيۇقسىز ھوجۇمىدىن ساقلاپ، مۇستەھكەم قۇرغان ھالەتتە مۇداپىيە قىلىش ۋاجىب ئەمەللەردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا تەييار ھالەتتە (يەنى رىباتتا) تۇرغۇچىلارغا كاتتا ئەجىر ساۋابلارنى تەييارلىدى.

سَلْمَانَ رضي الله عنه مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « رِبَاطُ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ خَيْرٌ مِنْ صِيَامِ شَهْرٍ وَقِيَامِهِ وَإِنْ مَاتَ جَرَى عَلَيْهِ عَمَلُهُ الَّذِي كَانَ يَعْمَلُهُ وَأُجْرِيَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ وَأَمِنَ الْفَتَّانَ ـــ بىر كېچە ـ كۈندۈز تەييار ھالەتتە (يەنى رىباتتا) تۇرۇش ـ بىر ئاي كۈندىزى روزا تۇتۇش، كېچىسى قىيامدا (يەنى ناماز ئوقۇپ) تۇرۇشتىنمۇ ئەبزەل. ئەگەر (رىباتتا) ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئەملى، رىزقى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ ۋە پىتنىلەر (يەنى ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقى، قەبرە ئازابى، قەبرىدىكى سۇئال ـ سوراق، قىيامەتنىڭ قورقۇنچىسى) دىن خاتىرجەم بولىدۇ. » دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ. (مۇسلىم)

2. ﷲ يولىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش

أَبِـي رَيْحَانَـةَ رضـي الله عنـه مـەن پەيغەمبـەر ئەلەيھسسـالامنىڭ: «حُرِّمَتِ النَّارُ عَلَى عَيْنٍ دَمَعَتْ أوبَكَتْ مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ و حُرِّمَتِ النَّارُ عَلَى عَيْنٍ سهرت فِي سَبِيلِ اللَّهِ ــ الله دىن قـورقۇپ يـاش بولغـان يـاكى يىغلىغـان كۆزگە دەۋزەخ ئوتى هارام قىلىندى. الله يولىدا ئويقۇسىرىغان (يەنى قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ) كۆزگە دەۋزەخ ئوتى هارام قىلىندى.» دېگەنلىگـىنى ئاڭـلىغان ئـىدىم، دەيدۇ. (سەھى نىسائى)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيـدۇ: « عَيْنَان لَا تَمَسُّهُمَا النَّارُ عَيْنٌ بَكَتْ مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَعَيْنٌ بَاتَتْ تَحْرُسُ فِي سَبِيلِ اللَّـهِ ــ ئىككـى خىـل كۆزگە دەۋزەخ ئوتى تەگمەيدۇ. بىرى ــ الله دىن قورقۇپ يىغلىغـان كـۆز. يەنـە بىرى ــ الله يولىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان كۆز. » (تىرمىزي)

3. الله يولىدا ئەتتىگەندە ياكى كەچتە جىھادقا ياكى رىباتقا چىقىش

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيـدۇ:« رِبَـاطُ يَـوْمٍ فِـي سَـبِيلِ اللَّـهِ خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيَا وَمَا عَلَيْهَا وَمَوْضِعُ سَوْطِ أَحَدِكُمْ مِنَ الْجَنَّةِ خَيْرٌ مِـنَ الـدُّنْيَا وَمَا عَلَيْهَا وَالرَّوْحَةُ يَرُوحُهَا الْعَبْدُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوِ الْغَدْوَةُ خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيَا وَمَا عَلَيْهَا ــ الله يولىدا بىر كۈن تەييار هالەتتە (يەنى رىباتتا) تۇرۇش، دۇنيـا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىسـدىن ياخشىدۇر. بىرىڭـلارنىڭ جەننـەتتىكى قامچـا بارابىرىـدىكى ئـورنى، دۇنيـا ۋە ئـۇنىڭ ئۈسـتىدىكى هەممـە نەرسـىدىن ياخشىدۇر. بىر بەنـدىنىڭ الله يولـىدا ئەتتىگـەندە يـاكى كەچتـە (جىھادقـا يـاكى رىباتقـا) چىقىشـى دۇنيـا ۋە دۇنيـادىكى نەرسـىنىڭ هەممىسـدىن ياخشـىدۇر.» (بۇخارى)

يەنە بىر رىۋايەتتە: « الْغَدْوَةُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ رَوْحَةٌ خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيَا وَمَا فِيْهاَ ــ اللّٰه يولىدا ئەتتىگەندە ياكى كەچتە (جىھادقا ياكى رىباتقا) چىقىش دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىدىن ياخشىدۇر.» دېيىلگەن. (بۇخارى)

(بۇ ئىككى ھەدىستىكى « عَلَيْهَا ـــ ئۈستىدىكى » دېگەن مەنانى بىلدۈرسە، « فِيْهاَ ـــ ئىچىدىكى » دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇيغۇرچىدا پەرقلەنمەيدۇ.)

4. اللّٰه يولىدا ئىككى پۇتنى چاڭ ـ توزاڭ قىلغان كىشى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَا اغْبَرَّتْ قَدَمَا عَبْدٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَتَمَسَّهُ النَّارُ ـــ قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى پۇتى اللّٰه يولىدا (جىھادقا ماڭغاندا) چاڭ ـ توزاڭ بولىدىكەن ئۇ كىشىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ. » (بۇخارى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « لَا يَلِجُ النَّارَ رَجُلٌ بَكَى مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ حَتَّى يَعُودَ اللَّبَنُ فِي الضَّرْعِ وَلَا يَجْتَمِعُ غُبَارٌ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَدُخَانُ جَهَنَّمَ ـــ يىلىنگە سۈت يىغىلغان ۋاقىتقىچىلىك اللّٰه دىن قورقۇپ يىغلىغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ. اللّٰه يولىدا چىقىرىلغان چاڭ ـ توزاڭ بىلەن دوزاخ تۈتۈنلىرى بىر ـ بىرىگە جوغلاشمايدۇ.» (تىرمىزى)

5. جەننەت قىلىچلار سايىسى ئاستىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « وَاعْلَمُوا أَنَّ الْجَنَّةَ تَحْتَ ظِلَالِ السُّيُوفِ ــ بىلىپ قويۇڭلاركى چوقۇم جەننەت، قىلىچلار سايىسى ئاستىدا. » (سەھى بۇخارى)

### 6. ﷲ يولىدىكى جىھادقا ھېچقانداق ئەمەل بارابەر كەلمەيدۇ

(پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: )

جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: دُلَّنِي عَلَى عَمَلٍ يَعْدِلُ الْجِهَادَ؟ قَالَ: « لا أَجِدُهُ » قَالَ: « هَلْ تَسْتَطِيعُ إِذَا خَرَجَ الْمُجَاهِدُ أَنْ تَدْخُلَ مَسْجِدَكَ فَتَقُومَ وَلَا تَفْتُرَ وَتَصُومَ وَلَا تُفْطِرَ» قَالَ: وَمَنْ يَسْتَطِيعُ ذَلِكَ؟

« پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا بىر كىشى كېلىپ: < مېنى جىھادقا بارابەر كېلىدىغان بىر ئەمەلگە باشلاپ قويسىلا > دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: < مەن ئۇنداق ئەمەلنى تاپالمايمەن> دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە: < سەن، مۇجاھىد جىھاد ئۈچۈن مېڭىشى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ داۋاملىق چارچىماستىن نامازغا تۇرۇپ، ئىفتار قىلماستىن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟ > دېدى. ئۇ كىشى: < ئۇنىڭغا قانداق كىشى قادىر بولالايدۇ؟ >! » (بۇخارى)

### 7. ﷲ يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدلارنىڭ دەرىجىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ:« إِنَّ فِي الْجَنَّةِ مِائَةَ دَرَجَةٍ أَعَدَّهَا اللَّهُ لِلْمُجَاهِدِينَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ مَا بَيْنَ الدَّرَجَتَيْنِ كَمَا بَيْنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ ــ جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، ئۇنى ﷲ تائالا، ﷲ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارغا تەييارلىدى. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك بار.» (بۇخارى)

### 8. شەھىدلەرنىڭ رەببى ئالدىدىكى مۇكاپاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« لِلشَّهِيدِ عِنْدَ اللَّهِ سِتُّ خِصَالٍ: يَغْفِرُ لَهُ فِي أَوَّلِ دُفْعَةٍ مِنْ دَمِهِ وَيُرَى مَقْعَدَهُ مِنَ الْجَنَّةِ وَيُجَارُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَيَأْمَنُ مِنَ الْفَزَعِ الْأَكْبَرِ وَيُحَلَّى حُلَّةَ الْإِيمَانِ وَيُزَوَّجُ مِنَ الْحُورِ الْعِينِ وَيُشَفَّعُ فِي سَبْعِينَ إِنْسَانًا مِنْ أَقَارِبِهِ ــ شەھىدلەر ئۈچۈن اللە ئالدىدا ئالتە خىسلەت بار: تۇنجى قېتىملىق قان تامچىسى تۆكۈلگەن ھامان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، جەننەتتىن بولغان ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، قەبرە ئازابىدىن قۇتىلىدۇ، (قىيامەت كۈنىدىكى) چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ، (ئىمانلىق كىشى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە) ئىمان كىيىمى كىيگۈزىلىدۇ، ھۆرلەئىينلەر بېرىلىدۇ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن يەتمىش كىشىگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ.» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

(يەنە باشقا رىۋايەتلەردە يەتتە مۇكاپات بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەنگەن بولۇپ، بىرى: « شەھىدلەرنىڭ بېشىغا ئۇلۇغلۇق تاجىسى كەيدۈرىلىدۇ.» دېيىلگەن.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆرلەئىينلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «... وَلَوْ أَنَّ امْرَأَةً مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ اطَّلَعَتْ إِلَى أَهْلِ الْأَرْضِ لَأَضَاءَتْ مَا بَيْنَهُمَا وَلَمَلَأَتْهُ رِيحًا وَلَنَصِيفُهَا عَلَى رَأْسِهَا خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا ــ ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىر ئايال زېمىنغا چىقسا ئاسمان ـ زېمىن ئارىسى يورۇپ مىزىلىك پۇراققا توشۇپ كېتىدۇ، جەننەت ئەھلى ئاياللىرىنىڭ بېشىدىكى رومىلى (يەنى ياغلىقى) دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشى.» (بۇخارى رىۋايىتى)

## 9. شەھىدنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قېنى

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دەيدۇ:« وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا يُكْلَمُ أَحَدٌ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَاللَّهُ أَعْلَمُ بِمَنْ يُكْلَمُ فِي سَبِيلِهِ إِلَّا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَاللَّوْنُ لَوْنُ الدَّمِ وَالرِّيحُ رِيحُ الْمِسْكِ ــ جېنىم ئۆز قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا بىر كىشى جاراھەتلەنسە؛ الله، كىمنىڭ الله يولىدا جاراھەتلەنگەنلىكىنى ھەممىدىن بىلگۈچىراقتۇر. قىيامەت كۈنى قان ــ قان رەڭگىدە، پۇرىقى ــ ئىپار پۇرىقىدا كېلىدۇ. » (بۇخارى رىۋايىتى)

## 10. شەھىدنىڭ ئۇنلارچە قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَا أَحَدٌ يَدْخُلُ الْجَنَّةَ يُحِبُّ أَنْ يَرْجِعَ إِلَى الدُّنْيَا وَلَهُ مَا عَلَى الْأَرْضِ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا الشَّهِيدُ يَتَمَنَّى أَنْ يَرْجِعَ إِلَى الدُّنْيَا فَيُقْتَلَ عَشْرَ مَرَّاتٍ لِمَا يَرَى مِنَ الْكَرَامَةِ ــ شەھىدتىن باشقا ھېچقانداق كىشى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ بولسىمۇ دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما شەھىد، الله بەرگەن كارامەت نېمەتلەر سەۋەبىدىن ئۇنلارچە قېتىم دۇنياغا قايتىپ الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.» (بۇخارى رىۋايىتى)

## 11. شەھىدلەر روھلىرىنىڭ جەننەتتە ساياھەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام شەھىدلەر روھلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدە: « أَرْوَاحُهُمْ فِي جَوْفِ طَيْرٍ خُضْرٍ لَهَا قَنَادِيلُ مُعَلَّقَةٌ بِالْعَرْشِ تَسْرَحُ مِنَ الْجَنَّةِ حَيْثُ شَاءَتْ ثُمَّ تَأْوِي إِلَى تِلْكَ الْقَنَادِيلِ ــ شەھىدلەرنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ قۇرسىقىدا بولۇپ، ئۇ قۇشنىڭ ئەرشكە ئېسىلغان

چىراقلىرى بار. ئۇلار جەننەتنىڭ قايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلىشنى خالىسا ساياھەت قىلىپ، ئەشۇ چىراقلار تەرەپكە قايتىپ كېلىدۇ.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

## 12. شەھىدنىڭ سەكراتتىكى ئاغرىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « الشَّهِيدُ لَا يَجِدُ مَسَّ الْقَتْلِ إِلَّا كَمَا يَجِدُ أَحَدُكُمُ الْقَرْصَةَ يُقْرَصُهَا ـ شەھىد جان ئۈزگەن ۋاقتتا خۇددى چۈمۈلە چاققانچىلىك ئاغرىق سېزىدۇ.» (نسائى رىۋايەت قىلغان)

## 13. الله تائالا يولىدا خەجلەنگەن مال

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مَثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِائَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ ــ الله يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ ( سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. الله نىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر ( الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر). ﴾ ـ سۈرە بەقەرە 261 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ أَنْفَقَ نَفَقَةً فِي سَبِيلِ اللَّهِ كُتِبَتْ لَهُ بِسَبْعِمِاَ ئَة ضِعْفٍ ــ قانداق كىشى الله يولىدا نەفەقە قىلسا ئۇنىڭغا 700 ھەسسە كۆپەيتىلگەن ھالەتتە يېزىلىدۇ.» (تىرمىزى رىۋايىتى)

جَاءَ رَجُلٌ بِنَاقَةٍ مَخْطُومَةٍ فَقَالَ: هَذِهِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ « لَكَ بِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ سَبْعُ مِائَةِ نَاقَةٍ كُلُّهَا مَخْطُومَةٌ. »

« بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا نوختىسى بىلەن بىر تۆگىنى: < بۇ الله يولىدا (سەدىقە) > دەپ ئەكەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: < قىيامەت كۈنى 700 تۆگە سىنىڭ بولىدۇ، ھەممىسى نوختا سېلىنغان ھالەتتە (يەنى قىيامەت كۈنى نوختا سېلىنغان 700 تۆگە سەدىقە قىلغانىنىڭ ئەجرىنى ئالىسەن) > دېدى.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

## 14. شەھىدلەر تىرىكتۇر ئۇلار رەببى تەرىپىدىن رىزىقلىنىپ تۇرۇۋىدۇ

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ (169) فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ (170) يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ ــ الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمان قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلىنىپ تۇرىلىدۇ). ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش ـ خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار الله تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش ـ خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ﴾ ـ سۈرە ئال ئىمران 169، 170، 171 ـ ئايەتلەر.

## 15. جىھاد جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىك

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: « جَاهِدُوا فِي سَبِيل اللَّهِ فَإِنَّ الْجِهَادَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى بَابٌ مِنْ أَبْوَابِ الْجَنَّةِ يُنَجِّي اللَّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى بِهِ مِنَ الْهَمِّ وَالْغَمِّ — الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، چۇقۇم الله نىڭ يولىدىكى جىھاد جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىك، جىھاد بىلەن الله (ئىنسانىنى) غەم ـ قايغۇدىن قۇتقۇزىدۇ. » (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

## 16. شەھىدلەر مەنزىلىگە يېتىشنىڭ يولى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئاساسەن بۇ چوڭ ياخشىلىققا راستچىللىق بىلەن الله تائالادىن سوراش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ سَأَلَ اللَّهَ الشَّهَادَةَ بِصِدْقٍ بَلَّغَهُ اللَّهُ مَنَازِلَ الشُّهَدَاءِ وَإِنْ مَاتَ عَلَى فِرَاشِهِ — قانداق كىشى راستچىللىق بىلەن الله دىن شەھىدلىكنى سورىسا، گەرچە كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ الله تائالا ئۇنى شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ. » (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

## 17. مۇجاھىدلارنىڭ جىھادقا چىقمىغانلاردىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيل اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا (95) دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ـ مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز ( ئەما، توكور، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله

ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى *. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى. الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ ـ سۈرە نىسا 95 ـ، 96 ـ ئايەتلەر.

## 18. شەھىدلەرگە الله نىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بولىدۇ

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِاللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِمَّا يَجْمَعُونَ (157) وَلَئِنْ مُتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى اللَّهِ تُحْشَرُونَ ـ شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلەر ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلەر، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر. ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلەر ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلەر، (ئاخىرەتتە) چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (الله سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ).﴾ ـ سۈرە ئال ئىمران 157 ـ، 158 ـ ئايەت.

## 19. الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، قەرزدىن باشقا ھەممە نەرسىگە كاپپارەت بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُغْفَرُ لِلشَّهِيدِ كُلُّ ذَنْبٍ إِلَّا الدَّيْنَ ـــ شەھىدنىڭ قەرزدىن باشقا ھەممە گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» (ئىمام

مۇسلىم رىۋايىتى)

20. مېلى، جېنى بىلەن جىهاد قىلغۇچى مۇجاھىدنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى

عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّ رَجُلًا أَتَى النَّبِيَّ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ أَيُّ النَّاس أَفْضَلُ فقَالَ: « رَجُلٌ يُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِمَالِهِ وَنَفْسِهِ قَالَ ثُمَّ مَنْ قَالَ: « مُؤْمِنٌ فِي شِعْبٍ مِنَ الشِّعَابِ يَعْبُدُ اللَّهَ رَبَّهُ وَيَدَعُ النَّاسَ مِنْ شَرِّهِ»

« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: < كىشىلەرنىڭ ئەبزىلى كىم؟ > دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: < ﷲ يولىدا ئۆزىنىڭ جېنى، مېلى بىلەن جىهاد قىلغان كىشى> دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: < يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن كىم؟ > دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : < كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قېچىپ (كىشىلەر بارمايدىغان) تاغلىق جايلاردا ﷲ قا ئىبادەت قىلغان مۇئمىن كىشى > دەپ جاۋاب بەردى.»

(ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

21. قانداق كىشى جىهاد قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ ئەجرى ﷲ ئۈستىگە

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَنْ يَخْرُجْ مِنْ بَيْتِهِ مُهَاجِرًا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ــــ كىمكى ﷲ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن ﷲ نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ﷲ

بېرىدۇ. ﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ ــــ سۈرە نىسا 100 ـ ئايەت.

ھەرقانداق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولىدۇ

ئىمام ئەھمەدنىڭ نەقىل قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ خَرَجَ مِنْ بَيْتِهِ مُجَاهِدًا فِي سَبِيلِ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ فَخَرَّ عَنْ دَابَّتِهِ وَمَاتَ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ تَعَالَى أَوْ لَدَغَتْهُ دَابَّةٌ فَمَاتَ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ أَوْ مَاتَ حَتْفَ أَنْفِهِ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ ـــ قانداق كىشى ﷲ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ ئۇلىغىدىن (ھازىرقى جىھادتا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرىدىن) يىقىلىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى بېرىش ﷲ تائالا ئۈستىگە بولىدۇ. ياكى بىرەر ھايۋان چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى بېرىش ﷲ تائالانىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ياكى ئۆزىچەككە (ھېچقانداق تاشقى ئامىلسىز) ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىنى بېرىش ﷲ نىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىباتتا (يەنى جىھادقا تەييار ھالەتتە) ئۆلۈپ كەتكەن كىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: « ... وَإِنْ مَاتَ جَرَى عَلَيْهِ عَمَلُهُ الَّذِي كَانَ يَعْمَلُهُ وَأُجْرِيَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ وَأَمِنَ الْفَتَّانَ ـــ ئەگەر (كىمكى تەييار ھالەتتە جىھادنى كۈتۈپ) ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئەمىلى، رىزقى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ ۋە پىتنىلەر (يەنى ئۆلۈمنىڭ ئاچچىقى، قەبرە ئازابى، قەبرىدىكى سۇئال ـ سوراق، قىيامەتنىڭ قورقۇنچىسى) دىن خاتىرجەم بولىدۇ.» (مۇسلىم)

22. ﷲ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ئۇخلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ :«... مَثَلُ الْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ الصَّائِمِ الْقَائِمِ الْقَانِتِ بِآيَاتِ اللَّهِ لَا يَفْتُرُ مِنْ صِيَامٍ وَلَا صَلَاةٍ حَتَّى يَرْجِعَ الْمُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ تَعَالَى ـــ اللە يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدقا ئوخشايدىغان كىشى، مۇجاھىد جىھادقا مېڭىپ تاكى قايتقىچىلىك ئىپتار قىلماي روزا تۇتقان، اللە قا ھەقىقى ئىتائەت قىلىپ چارچىماستىن اللە نىڭ كىتابى (قۇرئان) نى تىلاۋەت قىلىپ قىيامدا (نامازدا) تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ. » (بۇخارى رىۋايىتى)

## 23. اللە يولىدىكى جىھاد ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئالى پەللىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ : « ... رَأْسِ الْأَمْرِالْإِسْلَامُ وَعَمُودِهِ الصَّلَاةُ وَذُرْوَةِ سَنَامِهِ الْجِهَادُ ـــ ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ (يەنى ئىسلامنىڭ) تۈۋرىكى ناماز، ئەڭ ئۈستۈن چوققىسى (اللە يولىدىكى) جىھاد. » (تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايىتى)

## 24. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ ساياھىتى اللە يولىدا جىھاد قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « إِنَّ سِيَاحَةَ أُمَّتِي الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللَّـهِ عَزَّوَجَلَّ ـــ ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى اللە تائالا يولىدا جىھاد قىلىش.» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۆز ۋەتىنى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى تەرك قىلىش؛ ئۆز نەپسىگە ئاچچىقلىنىش؛ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى تاشلاش ۋە مۇباھ ئىشلارنى قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلارغا (راھىبلىققا) بويرىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېنىق بايان قىلىپ ئىسلام ـــ ھاياتلىق دىنى ۋە مۇشۇ

زېمىنىدا اللّٰه يولىدا جىھاد قىلىش دىنى، مۇسۇلمان كىشى ھەرگىز ئىسلام دەرۋازىلىرىدىن بىرەرسىنىمۇ يوقۇتۇپ قويمايدۇ.« رياض الحالحين » دېگەن كىتابنىڭ 652 ـ بەتكە قاراڭ.

25. اللّٰه يولىدا ئوق ئېتىش قۇل ئازات قىلغانىنىڭ ئەجرىگە باراۋەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« مَنْ رَمَى بِسَهْمٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَهُوَ لَهُ عِدْلُ مُحَرَّرةٍ ــ قانداق كىشى اللّٰه يولىدا ئوق ئاتىدىكەن قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ. » (ترمىزىي ىۋايىتى)

26. ئاز ئەمەل قىلىپ كۆپ ئەجرگە ئېرىشىش

جَاء رَجُلٌ إلى النبي صلى الله عليه وسلم مُقَنَّعٌ بِالْحَدِيدِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ : أُقَاتِلُ أَوْ أُسْلِمُ؟ فَقَالَ صلى الله عليه وسلم: « أَسْلِمْ ثُمَّ قَاتِلْ » فَأَسْلَمَ ثُمَّ قَاتَلَ فَقُتِلَ فَقَالَ رَسُولُ صلى الله عليه وسلم « عَمِلَ قَلِيلًا وَأُجِرَ كَثِيرًا. »

« قوراللانغان بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ قېشىغا كېلىپ: < ئى اللّٰه نىڭ ئەلچىسى ئۇرۇشقا كىرەيمۇ ياكى ئىسلام كەلتۈرەيمۇ؟ > دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : < ئىسلام كەلتۈر، ئاندىن ئۇرۇش قىل> دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى ئىسلام كەلتۈرۈپ ئاندىن ئۇرۇشقا كىردى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ كىشى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: < ئاز ئامەل قىلىپ كۆپ ئەجر ئالدى > دەپ خەۋەر بەردى. » (بۇخارى رىۋايىتى)

27. غازىنى (جىھاد لازىمەتلىكلىرى بىلەن) جابدۇش (ئەجىردە) غازات قىلغانغا ئوخشاش

**پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ جَهَّزَ غَازِيًا فَقَدْ غَزَا وَمَنْ خَلَفَ غَازِيًا فِي أَهْلِهِ فَقَدْ غَزَا ـــ قانداق كىشى غازىنى (جىهاد لازىمەتلىكلىرى بىلەن) جابدۇپ قويىدىكەن غازات قىلغان بولىدى. قانداق كىشى غازىنىڭ ئائىلىسىگە (جىهادتىن قايتقۇچە) قاراپ قالىدىكەن، غازات قىلغان بولىدى. »** (مۇسلىم رىۋايىتى)

# جىھادنى تەرك قىلغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ مَاتَ وَلَمْ يَغْزُ وَلَمْ يُحَدِّثْ بِهِ نَفْسَهُ مَاتَ عَلَى شُعْبَةٍ مِنْ نِفَاقٍ ـــ قانداق كىشى الله يولىدا غازات قىلمىسا، ياكى قىلىشنى قەلبىدە ئويلاپ باقمىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، مۇناپىقلىق شاخچىسىنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ. » (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ لَمْ يَغْزُ أَوْ يُجَهِّزْ غَازِيًا أَوْ يَخْلُفْ غَازِيًا فِي أَهْلِهِ بِخَيْرٍ أَصَابَهُ اللَّهُ بِقَارِعَةٍ قَبْلَ يَوْمِ الْقِيَامَةِ ـــ قانداق كىشى الله يولىدا غازات قىلمىسا، ياكى غازىنى تەييارلاپ (جابدۇپ جىھادقا) يولغا سالمىسا، ياكى غازىنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىلىق بىلەن (سادىقلىق بىلەن) قاراپ قالمىسا، الله ئۇنداق كىشىنى قىيامەتتىن بۇرۇن ھالاكەتلىك مۇسىيبەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. » (دارمى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « إِذَا تَبَايَعْتُمْ بِالْعِينَةِ، وَأَخَذْتُمْ أَذْنَابَ الْبَقَرِ، وَرَضِيتُمْ بِالزَّرْعِ وَتَرَكْتُمُ الْجِهَادَ سَلَّطَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ ذُلًّا لَا يَنْزِعُهُ حَتَّى تَرْجِعُوا إِلَى دِينِكُمْ ـــ ئەگەرسىلەر سودا ـ تىجارەتلەرگە بېرىلىپ، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىڭلار بىلەن رازى بولۇپ، (الله بۇيرىغان) جىھادنى تاشلاپ قويىدىكەنسىلەر؛ الله سىلەرنى خارلىققا (يەنى زالىم پادىشاھقا) مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ. الله ئۇ خارلىقنى (يەنى زالىم پادىشاھنى) تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچىلىك (يەنى جىھاد ئىبادىتىنى ئادا قىلمىغۇچىلىك) سىلەردىن كۆتۈرىۋەتمەيدۇ.» (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اﷲ يولىدىكى جىھادقا تەييارلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: « مَنْ عَلِمَ الرَّمْيَ ثُمَّ تَرَكَهُ فَلَيْسَ مِنَّا أَوْ قَدْ عَصَى ــ ئېتىشنى ئۆگىنىپ (ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرماي) تاشلاپ قويغان كىشى بىزدىن ئەمەس ياكى گۇناھكار بولىدۇ. » (مۇسلىم رىۋايىتى)

(بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئەسكىرى مەشىقنى بىر قېتىم ئالغان كىشىگە بولسا، ئەسكىرى مەشىقنى پەقەت ئالمىغان كىشىگە قانداق بولار!؟)

# ئۇرۇش مەيدانىنىڭ سىرتىدىكى شەھىدلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىنىڭ سىرتىدىكى شەھىدلەرنى بايان قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتكەن:

(1) اللہ يولىدا (غازىلىق بىلەن) ۋاپات بولغان كىشى.

(2) تائۇن (ۋابا) كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى.

(3) قورساق ئاغرىقى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى.

(4) كۆيۈك بىلەن ۋاپات بولغان كىشى.

(5) تام ياكى ئۆي ئاستىدا قېلىپ ۋاپات بولغان كىشى.

(6) سىل كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى.

(7) تۇغۇت ئۈستىدە ۋاپات بولغان ئايال.

(8) ئۈچەي ياللۇغى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى.

(9) ئۆز دىنىنى قوغداش يولىدا ۋاپات بولغان كىشى.

(10) ئۆز ئەھلىنى قوغداش يولىدا ۋاپات بولغان كىشى.

(11) ئۆز جېنىنى قوغداش يولىدا ۋاپات بولغان كىشى.

(12) ئۆز مېلىنى قوغداش يولىدا ۋاپات بولغان كىشى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « الشُّهَدَاءُ خَمْسَةٌ الْمَطْعُونُ وَالْمَبْطُونُ وَالْغَرِيقُ وَصَاحِبُ الْهَدْمِ وَالشَّهِيدُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ــــ بەش خىل سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شەھىد: تائۇن كېسىلى، قورساق ئاغرىقى، سۇغا غەرق بولۇپ كېتىش، تام ياكى ئۆي بېسىۋېلىپ ۋاپات بولغان كىشى، اللہ يولىدا شەھىد بولغان كىشى. » (بۇخارى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « الطَّاعُونُ شَهَادَةٌ لِكُـلِّ مُسْـلِمٍ ــ تائۇن (ۋابا) كېسلى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ شاھادىتى. » (بۇخارى رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « وَمَنْ مَـاتَ فِـي سَـبِيلِ اللَّـهِ فَهُوَ شَهِيدٌ ــ اللّٰه يولىدا ۋاپات بولغان كىشى شەھىد بولىدۇ.» (ئەھمەد رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:« وَالْمَرْأَةُ يَقْتُلُهَا وَلَدُهَا جَمْعَـاءَ يَجُرُّهَا وَلَدُهَا بِسُرَرِهِ إِلَى الْجَنَّةِ ــ تۇغۇت جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئايـالنى شۇ بالىسى (ئانىسى بىلەن ئـۆزىنىڭ ئۇتتۇرىسـدىكى) كىنـدىك تـومۇرى بىلـەن جەننەتكە تارتىدۇ. » (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: « وَصَـاحِبُ ذَاتِ الْجَنْـبِ شَهِيدٌ ــ ئۆچەي يالىلۇغى بىلەن ۋاپات بولغان كىشى شەھىد. » (مالىك ۋە ئـەبۇ داۋۇد رىۋايىتى)

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: « والسـل شـهادة ــ سـل كېسلى شاھادەتتۇر. » (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: « مَـنْ قُتِـلَ دُونَ مَالِـهِ فَهُـوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ أَهْلِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَنْ قُتِلَ دُونَ دِينِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ وَمَـنْ قُتِلَ دُونَ دَمِهِ فَهُوَ شَهِيدٌ ــ قانداق كىشى مېلىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد، قانـداق كىشـى ئـەھلىنى قوغـداش يولـدا ئۆلتۈرۈلسـە ئـۇ شـەھىد، قانداق كىشى دىنىنى قوغداش يولـدا ئۆلتۈرۈلسـە ئـۇ شـەھىد، قانـداق كىشـى قېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد. » (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىمام ئەھمـەد رىۋايىتى)

# دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرمىسە بولمايدىغان سەۋەبلەر بار. تۆۋەندە ئۇ سەۋەبلەرنى بايان قىلىمىز:

1. ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر

الله تائالا مۇئمىنلارغا ـ دۈشمەنلىرىنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرۈپ، دىنلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئۇچۇق ۋەدىنى قىلدى. گەرچە بۇ ۋەدە كېيىنچىرەك ئەمەلگە ئاشسا ھەم.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ (51) يَوْمَ لَا يَنفَعُ الظَّالِمِينَ مَعْذِرَتُهُمْ وَلَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتى دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ.﴾ ـ سۈرە غافىر 51 ـ، 52 ـ ئايەت.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ ــ مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى.﴾ ـ سۈرە رۇم 47 ـ ئايەت.

الله تائالانىڭ ياردىمى ۋەدە قىلىنغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى الله تائالا مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلدى:

﴿ إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ (2) الَّذِينَ يُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ (3) أُوْلَئِكَ هُمْ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا ـــ پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا ( كامىل ) مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار ( مۇكەممەل رەۋىشتە ) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن ( الله يولىدا ) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقى مۆئمىنلەردۇر. ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، ئايەتلەر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْض كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمْ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمْ الْفَاسِقُونَ ـــ الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغانىدەك ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى، ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر. ﴾ ـــ سۈرە نۇر 55 ـ ئايەت.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَنْ يَجْعَلَ اللَّهُ لِلْكَافِرِينَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا ـــ الله، كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ. ﴾ ـ سۈرە نىسا

141 ـ ئايەت.

2. اللّٰه تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش

اللّٰه نىڭ دىنىغا سۆز بىلەن، ئېتىقاد بىلەن، ئەمەلىي ئىش ـ ھەركەت بىلەن ۋە دەئۋەت قىلىش ئارقىلىق ياردەم بىرىش ــ نۇسرەتنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ، اللّٰه تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴿40﴾ الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوْا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنْ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ ــ كىمكى اللّٰه نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللّٰه ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اللّٰه ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. ( اللّٰه نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار ) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلىككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللّٰه قا مەنسۇپتۇر ( يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللّٰه قا قايتىدۇ ). ﴾ ـ سۈرە ھەج 40 ـ ، 41 ـ، ئايەت.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ ــ ئى مۇئمىنلەر! سىلەر اللّٰه قا ( يەنى اللّٰه نىڭ دىنىغا ) ياردەم بەرسەڭلار، اللّٰه سىلەرگە ( دۈشمىنىڭلارغا قارشى ) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى ( ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ) بەرقارار قىلىدۇ. كاپىرلانى اللّٰه ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ( ياخشى ) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ. ﴾ ــ سۈرە مۇھەممەد 7 ـ، 8 ـ ئايەت.

3. اللّٰه قا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بىرگە سەۋەب قىلىش

ﷲ تائالاغا تەۋەككۇل قلىش بلەن برگە كۇچ ـ قۇۋۋەتتە تەييارلق قلىش ــ دۈشمەنلەر ئۈستدن غەلبە قلشنىڭ چوڭ ئامللردن برى بولۇپ، بۇ ھەقتە ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلْ الْمُؤْمِنُونَ ــ ... مۆئمنلەر ﷲ قا تەۋەككۇل قلسۇن.﴾ ــ سۈرە مائدە 11 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ يَنْصُرْكُمْ اللَّهُ فَلَا غَالِبَ لَكُمْ وَإِنْ يَخْذُلْكُمْ فَمَنْ ذَا الَّذِي يَنْصُرُكُمْ مِنْ بَعْدِهِ وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلْ الْمُؤْمِنُونَ ــ ئەگەر ﷲ سلەرگە ياردەم بەرسە، سلەرنى ھېچ كشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ﷲ سلەرگە ياردىمنى تەرك ئەتسە، ﷲ دىن باشقا سلەرگە كم ياردەم بېرىدۇ؟ مۇئمنلەر يالغۇز ﷲ قا تەۋەككۇل قلسۇ! (يەنى ھەممە ئىشنى ﷲ قا تاپشۇرسۇن).﴾ ــ سۈرە ئال ئىمران 160 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ... فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ ــ ... بر ئشقا بەل باغلىساڭ، ﷲ قا تەۋەككۇل قلغن. ﷲ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قلغۇچلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾ ــ سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا ــ (ھەممە ئىشىڭدا) ﷲ قا يۆلەنگىن، ﷲ (ساڭا) ھامي بۇلۇشقا يېتەرلكتۇر.﴾ ــ سۈرە ئەھزاب 3 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَتَوَكَّلْ عَلَى الْحَيِّ الَّذِي لَا يَمُوتُ وَسَبِّحْ بِحَمْدِهِ وَكَفَى بِهِ بِذُنُوبِ عِبَادِهِ خَبِيرًا ــ (ھەممە ئىشىڭدا) ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھايات ﷲ قا يۆلەنگەن، ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتش بلەن ﷲ نى پاك دەپ

ئېتىقاد قىلغىن، ئۇ بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى تولۇق بىلىشتە يېتەرلىكتۇر.﴾ ــ سۈرە فۇرقان 58 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « لَوْ أَنَّكُمْ كُنْتُمْ تَوَكَّلُونَ عَلَى اللَّهِ حَقَّ تَوَكُّلِهِ لَرُزِقْتُمْ كَمَا يُرْزَقُ الطَّيْرُ تَغْدُو خِمَاصًا وَتَرُوحُ بِطَانًا ــ ئەگەر سىلەر اللہ تائالاغا ھەقىقى تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، اللہ تائالا سىلەرنى ئەتىگەندە ئاچ چىقىپ كېتىپ كەچتە تويۇپ قايتقان قۇشلارنى رىزىقلاندۇرغاندەك رىزىقلاندۇرۇدۇ. » (تىرمىزى رىۋايىتى)

تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بىرگە سەۋەب قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىش بەك مۇھىم، چۈنكى تەۋەككۇل قىلىش تۆۋەندىكى ئىككى ئاساس ئۈستىدە تۇرىدۇ:

<1> اللہ تائالاغا تايىنىش ۋە اللہ تائالانىڭ ۋەدە نۇسرىتىگە ھەقىقى ئىشەنچ تۇرغۇزۇش.

<2> قانۇنلۇق دۇنياۋى سەۋەبلەرنى بىجا كەلتۈرۈش.

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ ــ دۈشمەنلىرىڭلار ( بىلەن ئۇرۇش قىلىش ) ئۈچۈن ، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللہ نىڭ دۈشمىنىنى ، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر.﴾ ـ سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

وعن أَنَسَ بْنَ رضي الله عنه أن رَجُلاً قَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ أَعْقِلُهَا وَأَتَوَكَّلُ أَوْ أُطْلِقُهَا وَأَتَوَكَّلُ؟ قَالَ: « اعْقِلْهَا وَتَوَكَّلْ. »

ئەنەس رضي اللّٰه عنه، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن بۇھەدىسنى بايان قىلىدۇ:« بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا: < ئى الله نىڭ ئەلچىسى ـــ (تۆگىنىڭ ئالدى پۇتىنى) تىزلاپ قويۇپ (الله قا) تەۋەككۇل قىلايمۇ ياكى قويۇۋېتىپ (يەنى تىزلىماي) تەۋەككۇل قىلايمۇ؟ > دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇكىشىگە: < تىزلاپ قويۇپ (ئاندىن الله قا) تەۋەككۇل قىلغىن > دېدى. » (تىرمىزى رىۋايىتى)

(بۇ ھەدىستىن ـ ھەر بىر ئىنساننىڭ، ئىمكانىيىتىدە بار دۇنيا سەۋەبلىرىنى قىلىپ ئاندىن الله قا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرىۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ئىشلاردا، الله قا تەۋەككۇل قىلدىم دەپلا سەۋەبنى قىلىپ كورمەسلىك، سەۋەب قىلدىم دەپلا الله قا تەۋەككۇل قىلماسلىقتەك بىر تەرەپلىمىلىكتىن قەتئى ساقلىنىشى، الله قا ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئەگەشكەن ئىكەن تەۋەككۇلنى مۇكەممەل قىلىشى كېرەك.)

## 4. ئىسلام ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن مەسئۇللارنىڭ ئۆزئارا مەسلەھەت قىلىششى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەقلىنىڭ كامىل، پىكرىنىڭ توختالغان بولۇشىغا قارىماي الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ۋە ساھابىلارنىڭ قەلبلىرىگە الله نىڭ ئەمرىنى تەتبىقلاش يۈزىسىدىن ساھابىلىرى بىلەن مەسلەھەت قىلاتتى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنْ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ ــــ الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق

بولغان بولساڭ، ئۇلار چورەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، اﷲ قا تەۋەككۈل قىلغىن. اﷲ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾ـ سۈرە ال ئىمران 159 ـ ئايەت.

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ... وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ ـــ ... ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، اﷲنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر.﴾ـ سۈرە شۇرا 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

5. دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا مۇستەھكەم تۇرۇش

اﷲ نىڭ ياردىمى چۈشۈشنىڭ يەنە بىر ئاملى ـــ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا بۇشاڭ بولماسلىق ۋە جەڭ مەيدانىدىن قاچماستىن مۇستەھكەم تۇرۇش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان ھەممە جىھادلىرىدا مۇستەھكەم، ساباتلىق تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى، ئۇھۇد، ھۇنەين جىھادلىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين جىھادىدا بەزى مۇسۇلمانلار چېكىنگەندە:« مەن پەيغەمبەرمەن، يالغانچى ئەمەسمەن، مەن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلىمەن. ئى اﷲ نۇسرىتىڭنى چۈشۈرگىن! » دېگەن سۆزلەنى قىلغان. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن مۇستەھكەم تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئەڭ ياخشى يېتەكچىمىز ۋە ئۈلگىمىزدۇر.

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا ـــ سىلەرگە ـــ اﷲ نى،

ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ﷲ نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇﷲ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر.﴾ـ سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ:« يَا أَيُّهَا النَّاسُ لَا تَتَمَنَّوْا لِقَاءَ الْعَدُوِّ وَاسْأَلُوا اللَّهَ الْعَافِيَةَ فَإِذَا لَقِيتُمُوهُمْ فَاصْبِرُوا وَاعْلَمُوا أَنَّ الْجَنَّةَ تَحْتَ ظِلَالِ السُّيُوفِ ــ ئى خالايىقلار دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرۇشۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ﷲ تائالادىن خاتىرجەملىك تىلەڭلار، ئەگەر دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرۇشۇپ قالغاندا (مۇستەھكەم تۇرۇپ) سەبرى قىلىڭلار، بىلىڭلاركى چوقۇم جەننەت ـ قىلىچلارنىڭ سايىلىرى ئاستىدا.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

6. جەسۇرلۇق، باتۇرلۇق ۋە قۇربان بېرىش

ﷲ نىڭ ياردىمىگە لايىق بولۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ـ جەسۇر بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش. جىھاد ھېچكىمنىڭ ئۆلۈمنى تېزلىتەلمەيدۇ ۋە كېچىكتۈرەلمەيدۇ دېگەن ئېتىقادتا بولۇشتۇر.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِكُّمْ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُشَيَّدَةٍ ــ قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ.﴾ ـ سۈرە نىسا 78 ـ ئايەت.

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

قېلىچتا ئۆلمىگەن، باشقىدا ئۆلەر،

سەۋەبلەر كۆپ، ئۆلۈم بىر كېلەر.

شۈڭلاشقا ئىمانى كامىل بولغان كىشىلەر باتۇرلۇقتا كىشىلەرنىڭ ئەڭ نوچىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھسسالام بولسا ئەنە شۇلارنىڭ ئەڭ

بىرىنچىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باتۇرلىقىنى ئۇ زات قاتناشقان چوڭ جىھاد مەيدانلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

<1> ئەلى رضي الله عنه پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا بىر ـ بىرىدىن كۆرۈنەرلىك باتۇرلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

عَلِيٍّ رَضِيِ اللَّه عَنْه مۇنداق دەيدۇ:« لَقَدْ رَأَيْتُنَا يَوْمَ بَدْرٍ وَنَحْنُ نَلُوذُ بِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ أَقْرَبُنَا إِلَى الْعَدُوِّ وَكَانَ مِنْ أَشَدِّ النَّاسِ يَوْمَئِذٍ بَأْسًا ـــ بەدرىكۈنىسىدە ئۇرۇش مەيدانىدىكى سىپىمىزگە قارىسام، بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قوغدىنىپ قالغانلىقىمىزنى كۆردۈم. ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن ۋە ئىنسانلارنىڭ (دۈشمەنگە زەربە بېرىشتە) ئەڭ كۈچلىكى بولغان ئىدى.» (ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى)

ئەلى رضي الله عنه يەنە مۇنداق دەيدۇ: « كُنَّا إِذَا حَمِيَ الْبَأْسُ وَلَقِيَ الْقَوْمُ الْقَوْمَ اتَّقَيْنَا بِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَمَا يَكُونُ مِنَّا أَحَدٌ أَدْنَى إِلَى الْقَوْمِ مِنْهُ ـــ ئەگەر بىر قەۋم بىلەن ئىككىنجى قەۋم (يەنى كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار) ئۇچرىشىپ ئۇرۇش قىزىپ كەتكەندە، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىمايىلىنىپ قالار ئىدۇق. ئۇ بولسا بىز تەرەپتىن ئىككىنچى قەۋم (يەنى كاپىرلار) تەرەپكە ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن كىشى بولمايتتى.» (ھاكىم رىۋايىتى)

<2> ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق باتۇرلۇق بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتىكى، ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدەك ئۇرۇشۇپ باقمىغان. (زادىلمەئاد دېگەن كىتابقا قاراڭ)

<3> بىراء مۇنداق دەيدۇ:« بىز ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا ئۇرۇش قاتتىق قىززىپ كەتكەن ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىمايىلىنىپ تۇرار ئىدۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى شىجائەتلىك كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇرار ئىدى.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن ئىلىم ۋە ئىمان ئەھلىلىرى، ھەقىقەتنى شۇنداق شىجائەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇجاھىدلار پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشى، ئۇ زاتنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى لازىم.

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا ــ سىلەرگە ــ اﷲ نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اﷲ نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇﷲ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾ ـ سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت.

7. اﷲ تائالانى كۆپ ئەسلەش (يەنى زىكىر ئېيتىش) ۋە دۇئا قىلىش

اﷲ قا پەرياد چېكىش ۋە اﷲ نى كۆپ ئەسلەش (يەنى زىكىر ئېيتىش) نۇسرەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىللىرىدىن بىرى. ھەقىقەتەن اﷲ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشقا، ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا نۇسرەت بېرىشكە قادىر، كۈچلۈك زاتتۇر.

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ ــ پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ« ماڭا دۇئا قىلىڭلار مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن،

(تىلگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۇبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ ». ﴾ ـ سۈرە غافىر 60 ـ ئايەت.

﴿ إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ ـــ ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله... دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 9 ـ ئايەت.

الله تائالا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا الله نى كۆپ ئەسلەش (يەنى زىكىر ئېيتىش) ۋە دۇئا قىلىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ـــ ئى مۆئمىنلەر! ( مۇشرىكلاردىن ) بىر جامائەگە ( يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا ) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار. ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 45 ـ ئايەت.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئەنە شۇنداق بىر تەڭداشسىز ھامىي، ياخشى مەدەتكار ۋە ياخشى ياردەمچى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ... وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ ـــ ... ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله تەرىپىدىندۇر. ﴾ ـ سۈرە ئال ئىمران 126 ـ ئايەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆز رەببىدىن ياردەم سوراپ، پەرياد قىلىپ دۇئا قىلاتتى، الله تائالا ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى (يەنى مالائىكىلەرنى) ئەۋەتىش ئارقىلىق ياردەم بېرەتتى.

شـۇنىڭ مسـاللىرىدىن: پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام بـەدرى كۈنىسـى مۇشـرىكلارغا قارىـدى، ئـۇلارنىڭ سـانى مىـڭ ئـىدى. ئـۆزىنىڭ سـاھابىلىرىغا قارىـدى، ئـۇلار ئـاران 319 كىشـى ئـىدى. شـۇنىڭ بىلـەن پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام قىبلـە تەرەپكـە قـاراپ، قـولىنى كۆتـۈرۈپ، الله تائالاغـا ھـال ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ يالغۇز بىر الله دىن، قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا ياردەم تىلـەپ دۇئـا قىلـۋەردى. (قـولىنى ئىگـىز كۆتۈرگـەنلىكتىن)، مۆرىسـىدىكى رىداسـى چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇبەكرى سىددىق رضي اللّه عنه رىدانى ئېلىـپ پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۆرىسىگە ئارتىپ قويدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ــ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، تەلەپلىرىڭ يېتەرلىك، رەببىڭ ساڭـا ۋەدە قىلغان نەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿ إِذْ تَسْتَغِيثُونَ رَبَّكُمْ فَاسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّي مُمِدُّكُمْ بِأَلْفٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُرْدِفِينَ ــ ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله« سىلەرگە ئارقىمۇ ـ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. ﴾ ــ سۈرە ئەنفال 9 ـ ئايەت.

الله تائـالا مالائىكىلـەرنى چۈشـۈرۈش ئـارقىلىق بـەدرى ئەھلىگـە يـاردەم بەردى.

پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام جىمـى ئـۇرۇش مەيدانلىرىـدا شـۇنداق الله قـا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ دۇئالىرىـدىن: « اللَّهُـمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ سَرِيعَ الْحِسَابِ [ مُجْرِيَ السَّحَابِ ] [ هَازِمَ الْأَحْزَابِ ]

اهْزِمِ الْـأَحْزَابَ اللَّهُـمَّ اهْـزِمْهُمْ وَزَلْـزِلْهُمْ وَانْصُـرْنَا عَلَـيْهِمْ ـــ ئى كىتـابنى چۈشۈرگۈچى، تېز ھېساب ئالغۇچى، بۇلۇتلارنى ماڭـدۇرغۇچى، گـۇرۇھلارنى مـەغلۇپ قىلغـۇچى زات ـــ گـۇرۇھلارنى مـەغلۇپ قىلغـىن. ئـى اﷲ، ئـۇلارنى مەغلۇپ قىلغىن، ئۇلارنى تىترەتكىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىزگە ياردەم بەرگىن. » ـ مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام دۈشـمـەن بىلـەن ئۇچراشـقاندا : « اللَّهُـمَّ أَنْـتَ عَضُدِي وَنَصِيرِي بِكَ أَحُولُ وَبِكَ أَصُولُ وَبِكَ أُقَاتِلُ ـــ ئى اﷲ، سـەن مېنىڭ ياردەمچىمسەن، سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن، سېنىڭ يـاردىمىڭ بىلـەن ھىيلـە قىلىمــەن (يــەنى دۈشمــەننىڭ ھىلــە ـ مىكىرىسىگــە تاقابىــل تۇرىمــەن ۋە قايتتۇرىمەن)، سىنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ھۇجۇمغـا ئۆتىمـەن، سـېنىڭ يـاردىمىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن. » دەيتتى. ـ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئەگـەر بىـرەر قـەۋمنىڭ زىيىنـدىن ئەنسىرىسـە مۇنداق دەيتتى: « اللَّهُمَّ إِنَّا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ ـــ ئى اﷲ، بىز ئـۇلارنىڭ ھـالاكىتىنى سـاڭـا تاپشـۇرىمىز ۋە ئـۇلارنىڭ يامانلىقـدىن ساڭا سېغىنىمىز. » ـــ ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئىبنى ئابباس رضي الله عنهما مۇنداق دەيدۇ ـ ئـىبراھىم ئەلەيھىسسـالام ئوتقـا تاشـلانغاندا: ﴿ حَسْـبُنَا اللَّـهُ وَنِعْـمَ الْوَكِيـلُ ـــ اﷲ بىزگـە كۇپايـە قىلغۇچىدۇر، ئەجەپ ياخشى تايانچىدۇر. ﴾ دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغـان ئادەملـەر: ﴿ إِنَّ النَّـاسَ قَـدْ جَمَعُـوا لَكُـمْ (آل عمران 173) ـــ (مۇشـرىكلار تەرەپـدارى بولغـان ئادەملـەر مۇسـۇلمانلارغا)

شەك ـ شۈبھەسىزكى كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار...﴾ دېگەندە ھەم ﴿ حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ ـــ اللہ بىزگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر، ئەجەپ ياخشى تاياnچىدۇر.﴾ دېگەن كەلىمىنى ئېيتقان. بۇخارى رىۋايىتى.

اللہ يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدلار شۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەككى، چوقۇم اللہ تائالا (ساپ دىل، خالىس نىيەت بىلەن قىلغان) دۇئا سەۋەبلىك ھەرخىل بالا ـ مۇسىبەتلەرنى قايتۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « لاَ يَـرُدُّ الْقَضَـاءَ إِلاَّ الدُّعَاءُ وَلاَ يَزِيدُ فِي الْعُمْرِ إِلاَّ الْبِرُّ ـــ ھەرقانداق بالا ـ قازانى دۇئادىن باشقا نەرسە قايتۇرالمايدۇ، ئىنساننىڭ ئۆمرىنى ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە ئۇزارتالمايدۇ. » ـــ تىرمىزى رىۋايىتى.

8 . اللہ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەتچان بولۇش

اللہ قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ھەرقانداق ئىشلاردا قەتئى ئىتائەتچان بولۇش اللہ تائالانىڭ ياردىمىنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن بىرى بولۇپ، اللہ يولىدا جىھاد قىلغۇچى ھەرقانداق مۇجاھىد، بەلكى بارلىق مۇسۇلمان كىشى اللہ تائالا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان بۇيرۇقلارغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئاسىي بولماسلىقى، توسقان ئىشلاردىن قەتئىي يىراق بولۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن قايتىشى ۋاجىبتۇر.

بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ وَأَطِيعُوا اللَّـهَ وَرَسُولَهُ ... ـــ (پۈتۈن سۆز ـ ھەركەتلىرىڭلاردا) اللہ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت

قىلىڭلار... ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەت بىر قىسمى.

﴿ وَمَنْ يُطِعْ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتَّقِيهِ فَأُوْلَئِكَ هُمْ الْفَائِزُونَ ـــ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، الله دىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ﴾ ـ سۈرە نۇر 52 ـ ئايەت.

﴿ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا ـــ كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.﴾
ـ سۈرە ئەھزاب 36 ـ ئايەت.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَلْيَحْذَرْ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ـــ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ( دۇنيادا چوڭ بىر ) پىتنىگە يولۇقىشتىن، يا ( ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن. ﴾ ـ سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: « ... وَجُعِلَ الذُّلُّ وَالصَّغَارُ عَلَى مَنْ خَالَفَ أَمْرِي وَمَنْ تَشَبَّهَ بِقَوْمٍ فَهُوَ مِنْهُمْ ـــ مېنىڭ بۇيرۇقىمغا قارشى چىققۇچىلار خار ۋە پەسكەش قىلىندى. قانداق كىشى ئۆزىنى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىتىۋالسا ئۇ شۇ قەۋمدىن. » ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.)

## 9. بىرلىشىش ۋە ئىختىلاپلاشماسلىق

الله يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدلارنىڭ نۇسرەت ئامىللىرىنى ھازىرلىشى ۋاجىب. خۇسۇسەن، الله نىڭ كىتابىغا چىڭ ئېسىلىپ، بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلارنى يوقۇتۇشى بەكمۇ مۇھىم.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ ... وَلَـا تَنَـازَعُوا فَتَفْشَـلُوا وَتَـذْهَبَ رِيحُكُـمْ ... ــــ ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا ( دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن ) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ... ﴾ ـــ سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەت.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَـا تَفَرَّقُـوا ... ــــ ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا ( يەنى الله نىڭ دىنىغا ) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار ( يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار )...﴾ ـــ سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەت.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُوْلِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا ــــ ئى مۇئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، ئۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ( ھەقىقى ) ئىشىنىدىغان بولساڭلار. بۇ ( يەنى الله نىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجەت قىلىش ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر.﴾ ـــ سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

### 10. سەبرى قىلىش

ھەرقانداق ئىشتا سەبرچان بولۇش كېرەك، خۇسۇسەن الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇشتا سەبرى قىلىش بەكمۇ مۇھىم.

سەبرى ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

(1) اﷲ قا ئىتائەت قىلىشتا سەبرى قىلىش، بۇ بولسىمۇ ئۇسرەتنىڭ ئامىللىرىدىن.

(2) هارام ئىشلاردىن يېنىش توغرىسىدا سەبرى قىلىش.

(3) ئىنسانغا ئېغىر كىلىدىغان اﷲ نىڭ تەقدىرلىرىگە سەبرى قىلىش.

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ــــ ئى مۇئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبرى قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، ( چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ ) جىهادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن اﷲ دىن قورقۇڭلار ( يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار ). ﴾ ـ سۈرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەت.

﴿ ... وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ ــــ ... سەبرى قىلىڭلار، اﷲ هەقىقەتەن سەبرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام سەبرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: « وَاعْلَمْ أَنَّ النَّصْرَ مَعَ الصَّبْرِ وَأَنَّ الْفَرَجَ مَعَ الْكَرْبِ وَأَنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا ــــ بىلگىنكى چوقۇم غەلىبە سەبرى بىلەن بىللە، خۇشاللىق قايغۇ بىلەن بىللە، ئاسايىشلىق قىيىنچىلىق بىلەن بىللە. » ـ ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى.

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ (146) وَمَا كَانَ قَوْلَهُمْ إِلَّا أَنْ قَالُوا رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ (147) فَآتَاهُمُ اللَّهُ

ثَوَابَ الدُّنْيَا وَحُسْنَ ثَوَابِ الْآخِرَةِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ ـــ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن نۇرغۇن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار، اللّٰه يولىدا يەتكەن كۆلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، اللّٰه ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى پەقەت: « پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى ( جەڭ مەيدانىدا ) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن » دېگەندىن باشقا بولمىدى. اللّٰه ئۇلارغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى ( يەنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ) ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى ساۋابىنى (جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى ) ئاتا قىلدى، اللّٰه ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دۇست تۇتىدۇ. ﴾ ـ سۈرە ئال ئىمران 146 ـ، 147 ـ، 148 ـ ئايەتلەر.

## 11. اللّٰه ئۈچۈن نىيەتنى خالىس قىلىش

غازات قىلغۇچى، ئۇرۇش قىلغۇچى كىشى ئىخلاسسىز اللّٰه يولىدىكى مۇجاھىد بولالمايدۇ.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بَطَرًا وَرِئَاءَ النَّاسِ ـــ يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى ) گە ئوخشاش بولماڭلار... ﴾ ـ سۈرە ئەنفال 47 ـ ئايەت.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ ـــ بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، اللّٰه ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. ﴾ ـ سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دەيدۇ:

جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: الرَّجُلُ يُقَاتِلُ لِلْمَغْنَمِ وَالرَّجُلُ يُقَاتِلُ لِلذِّكْرِ وَالرَّجُلُ يُقَاتِلُ لِيُرَى مَكَانُهُ فَمَنْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ قَالَ: « مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللَّهِ هِيَ الْعُلْيَا فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ»

« بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: < بىر كىشى غەنىمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىر كىشى كىشىلەر ئارىسىدا (باتۇرلۇق بىلەن) ئەسلىنىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىر كىشى (ئورنىنىڭ) يوقۇرى بولۇشى چۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، قايسىسى الله يولىدا (ئۇرۇش قىلغانلىق) بولىدۇ؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام : < قانداق كىشى الله نىڭ سۆزىنى (يەنى قۇرئانى كەرىمنى) ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا مانا شۇ الله يولىدا (جىهاد قىلغان) بولىدۇ. > دېدى. » ـ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام دىن ئىسپاتلانغان بىر ھەدىستە قىيامەت كۈنى ئەۋۋەل ھېساب ئېلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرى : « من قاتل ليقال: جريء.ــ (كىشىلەر ئارىسىدا) باتۇر ـ شىجائەتلىك ئېكەن دېيىلسۇن دەپ جىهاد قىلغان كىشىدۇر. » دەپ بايان قىلىنغان. ــ سەھى مۇسلىم رىۋايىتى.

(شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن ئەۋۋەل نىيەتنى الله قا خالىس قىلىش كېرەك. ئەگەر نىيەت الله قا خالىس بولماستىن ھەرقانچە كاتتا، ھەرقانچە كۆپ ئىشلارنى قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، الله ئالدىدا قوبۇل قىلىنماستىن بەلكى، ئىنسانغا چوڭ مۇسىبەت ئېلىپ كېلىدۇ. )

12. الله نىڭ (دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى) نېمەتلىرىگە قىزىقىش

اللہ تائالانىڭ اللہ يولىدا جىھاد قىلغۇچىغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بېرىدىغان مۇكاپاتلارنى (يەنى دۇنيادا غازى بولۇپ ئىسلام بايرىقى ئۈستۈن قىلىنغان خىلاپەت دەۋرىنى سۈرۈپ بەختلىك ياشاش، شەھىد بولسا ئاخىرەتتە ئالى جەننەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىششىنى) ئەسلەپ تۇرۇپ ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىش ــ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا تۆرتكە بولىدۇ. اللہ تائالا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلارغا ئەنە شۇنداق نۇسرەت بەرگەن.

ساھابىلارنىڭ اللہ نىڭ يېنىدىكى نېمەتلەرگە قىززىقىش بىلەن ئۇرۇشقا كىرگەن تارىخلاردىن بىر ـ نەچچىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

(1) ما فعل عُمَيْرُ بْنُ الْحُمَامِ في بدر حينما قال صلى اللّه عليه وسلم: « قُومُوا إِلَى جَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَوَاتُ وَالْأَرْضُ » فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ جَنَّةٌ عَرْضُهَا السَّمَوَاتُ وَالْأَرْضُ؟ قَالَ: « نَعَمْ » قَالَ: بَخٍ بَخٍ فَقَالَ صلى اللّه عليه وسلم: « مَا يَحْمِلُكَ عَلَى قَوْلِكَ بَخٍ بَخٍ؟» قَالَ: لَا وَاللَّهِ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِلَّا رَجَاءَ أَنْ أَكُونَ مِنْ أَهْلِهَا. قَالَ: « فَإِنَّكَ مِنْ أَهْلِهَا» . فَأَخْرَجَ تَمَرَاتٍ مِنْ قَرَنِهِ فَجَعَلَ يَأْكُلُ مِنْهُنَّ ثُمَّ قَالَ: لَئِنْ أَنَا حَيِيتُ حَتَّى آكُلَ تَمَرَاتِي هَذِهِ إِنَّهَا لَحَيَاةٌ طَوِيلَةٌ قَالَ فَرَمَى بِمَا كَانَ مَعَهُ مِنَ التَّمْرِ ثُمَّ قَاتَلَهُمْ حَتَّى قُتِلَ. (مسلم)

ئۇمەيىر ئىبنى ھۇمام بەدرى كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ: «كەڭلىگى ئاسمان زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتكە (كىرىش ئۈچۈن) تۇرۇڭلار!» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:« ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى، جەننەتنىڭ كەڭلىگى ئاسمانلار بىلەن زېمىن (نىڭ ئارلىغى) دەكمۇ؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام : « ھەئە، شۇنداق » دەپ جاۋاب بەردى. ئۇمەير ئىبنى ھۇمام: « پاھ! پاھ! » دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام :«< پاھ! پاھ! > دېگەن سۆزنگىدىن مەقسەت نېمە؟ » دەپ سورىدى. ئۇمەير ئىبنى ھۇمام:« ئى الله نىڭ ئەلچىسى، الله بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ جەننەتنىڭ ئەھلىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. » دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: « سەن ئۇنىڭ ئەھلىدىن » دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھۇمام يېنىدىكى خالتىسىدىن يەۋاتقان خورمىلارنى چىقىرىپ: « ئەگەر مەن بۇ خورمىلارنى يېگىچىلىك ھايات بولسام، بۇ (مەن ئۈچۈن) بەك ئۇزاق ھايات » دېدى ــ دە، خورمىلارنى تاشلاپ ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا) قارشى ئۇرۇشقا كىرىپ كەتتى، ئاخىرى ئۇ شەھىد بولدى.

(2) عَنْ ثَابِتٍ قَالَ قَالَ أَنَسٌ عَمِّيَ الَّذِي سُمِّيتُ بِهِ لَمْ يَشْهَدْ مَعَ رَسُول اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَدْرًا قَالَ فَشَقَّ عَلَيْهِ قَالَ أَوَّلُ مَشْهَدٍ شَهِدَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ غُيِّبْتُ عَنْهُ وَإِنْ أَرَانِيَ اللَّهُ مَشْهَدًا فِيمَا بَعْدُ مَعَ رَسُول اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيَرَانِي اللَّهُ مَا أَصْنَعُ. فَشَهِدَ مَعَ رَسُول اللَّهِ صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَ أُحُدٍ قَالَ فَاسْتَقْبَلَ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ فَقَالَ لَهُ أَنَسٌ يَا أَبَا عَمْرٍو وَاهًا لِرِيحِ الْجَنَّةِ أَجِدُهُ دُونَ أُحُدٍ قَالَ فَقَاتَلَهُمْ حَتَّى قُتِلَ قَالَ فَوُجِدَ فِي جَسَدِهِ بِضْعٌ وَثَمَانُونَ مِنْ بَيْنِ ضَرْبَةٍ وَطَعْنَةٍ وَرَمْيَةٍ قَالَ فَقَالَتْ أُخْتُهُ عَمَّتِيَ الرُّبَيِّعُ بِنْتُ النَّضْرِ فَمَا عَرَفْتُ أَخِي إِلَّا بِبَنَانِهِ وَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ ( رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا ) قَالَ فَكَانُوا يُرَوْنَ أَنَّهَا نَزَلَتْ فِيهِ وَفِي أَصْحَابِهِ. (مسلم)

سابت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىشىچە مەن بىلەن ئىسمداش بولغان تاغام ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: « ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ تاغىسى ئەنەس ئىبنى نەزىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغان ئىدى. ئۇرۇشتىن قالغانلىقى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كېلىپ: < پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتنىشالمىدىم، ئەگەر الله تائالا بۇندىن كېيىن مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىشقا مۇۋەپپەق قىلسا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىدۇ> دېدى. ئۇ ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جەڭگە چىقتى. ئۇنىڭغا سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۇچراشقاندا: < ئى ئەمرىنىڭ دادىسى، ۋاھ! جەننەتنىڭ پۇرىقى. مەن ئۇھۇدتا جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن> دېدى ـــ دە، (مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى) ئۇرۇشقا كىرىپ كەتتى، ئاخىرى ئۇ شەھىد بولدى. ئۇنىڭ جەسىدىدە سەكسەن نەچچە قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقلار جاراھىتى تېپىلدى. ئەنەس ھامما ئاچىسى (ئەنەس ئىبنى نەزىرنىڭ قىز بىر تۇققىنى) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: < مەن قېرىندىشىمنى (ئاران تەسلىكتە) بارمىقىدىن تونۇدۇم. > الله تائالا ﴿ مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ( رەسۇل الله بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق ) الله قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار ( پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى ) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق. ﴾ (سۈرە ئەھزاپ 23 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەتنىڭ ئەنەس ئىبنى نەزىر ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقان

ساهابىلار توغرىسىدا چۈشكەنلىكنى كۆپۈنچە ساھابىلار تەستىقلايدۇ.» (بۇخارى رىۋايىتى)

الله يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇسۇلمان مۇجاھىد الله تائالا، الله يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدلارغا ۋەدە قىلغان نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئەسلەپ تۇرۇپ جىھاد مەيدانىغا كىرسە، شۇ غەلىبىلىك چوڭ مەقسەتكە يېتىش خۇشاللىقىدا ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇسىبەتلەر كەلسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ.

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم،
شىھىد بولۇپ يېقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.

## 13. ئىمانلىق (تەقۋا) قوماندانلارغا ئەگىشىش

ئالدىنقى سەپ، چوڭ قوشۇن، مۇئەسكەر ۋە ياكى ھەرقانداق كىچىك بىر گۇرۇھلارغا (ئەينى مەيداندىكى مۇجاھىدلارنىڭ) ئىمان ـ تەقۋاسىغا قاراپ ھەقىقى ئىمان بىلەن تونۇلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قولدىن بەرمەيدىغان كىشىلەرنى قوماندان قىلىپ تەيىنلەش نۇسرەتنىڭ سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿... إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ ... ـــ ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋا بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ) ...﴾ ـ سۈرە ھوجرات 13 ـ ئايەت.

الله تائالا تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ. الله تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى بەندە ئۈچۈن دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ئۇلارنى چېكىندۈرۈش قاتارلىق نۇسرەتكە سەۋەب بولىدىغان مۇھىم سەۋەبلەردىندۇر.

ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ بَلَى مَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ وَاتَّقَى فَإِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ ـــ ئەھدىسگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار (ﷲ دوست تۇتقان كىشىلەردۇر)، چۈنكى ﷲ تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ. ﴾ ـ ئال ئىمران سۈرىسى 76 ـ ئايەت.

14. ھالاكەت، مەغلۇبىيەت ۋە ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇدىغان ئەمەللەر بىلەن قوغدىنىش

بەندىلەر ھالاكەت ۋە مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇپ قالسا، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىدىغان، نىجاتلىققا يېتەكلەيدىغان نۇرغۇن ئامىللار بار بولۇپ، بۇ ئامىللار ھالاكەتكە كۆپ ئۇچرايدىغان كىشىلەرگە بىردىن ـ بىر چىقىش يولى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بولسا مۇسىبەتلەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئالىدىغان مۇداپىئەلىنىش قوراللى. تۆۋەندە ئۇلارنى قىسقىغىنە بايان قىلىمىز.

(1) ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش ۋە ئىستىغفار ئېيتىش.

تەۋبە تۆۋەندىكى شەرتلەرسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ:

ـــ ھەرقانداق گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىش ۋە ئۇنى قىلماسلىق.

ـ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى قايتا قىلماسلىققا قەتئىي ئىرادە باغلاش.

ـ شۇ قىلغان ئىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىش. ئەگەر گۇناھ ـ مەئسىيەت ئىككىنچى بىر كىشىگە ھەق تۆلەش دەرىجىدە بولسا، تۆتىنچى شەرت ـ ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش. ئىنسانىنىڭ تەۋبىسى جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ياكى

كـۆن غـەربتىن چىققانـدا قـوبۇل قىلىنمايـدۇ. هـەقىقى تەۋبـە ۋە ئىسـتىغفار نۇسرەتنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستىلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿... إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّـرُوا مَـا بِأَنفُسِهِمْ ـــ هەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ( يەنى الله نىـڭ بەرگـەن نېمەتلىرىگـە تۇزكـورلۇق قىلىـپ گـۇناھلارغا چۆممىگـىچە ) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ...﴾ ـ سۈرە رەئىد 11 ـ ئايەت.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنْتَ فِيهِمْ وَمَـا كَـانَ اللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ـــ سـەن ئـۇلارنىڭ ئىچـىدە تۇرغـان چېغىڭـدا ( سېنى هۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ) الله ئۇلارغـا ئـازاب قىلمايـدۇ، ئـۇلار ئىسـتىغفار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ.﴾ ـ سۈرە ئەنفال 33 ـ ئايەت.

(2) تەقۋادار بولۇش (الله تائالادىن ھەقىقى رەۋىشتە قورقۇش).

تەقۋا ـ بەندە بىلەن رەببىنىڭ ئوتتۇرىسـىدا بـولۇپ رەببىـنىڭ غەزىپىـدىن، ئازابىـدىن قـورقۇپ؛ هۇشـيارلىق بىلـەن هـەقىقى رەۋىشـتە گـۇناھ ئىشـلاردىن ساقلىنىش، الله نىڭ نۇرى (يـەنى هـدايىتى) ئاسـتىدا الله نـىڭ سـاۋاب بىرىشـىنى ئۈمىد قىلىپ الله قـا هـەقىقى رەۋىشـتە ئىتائـەت قىلـش، الله نـىڭ نـۇرى (يـەنى هىدايىتى) ئاسـتىدا الله نـىڭ ئازابىـدىن قـورقۇپ الله قـا ئاسـى بولۇدىغـان بـارلىق ئىشلاردىن يېنىش.

(3) الله پـەرىز قىلغـان بـارلىق ئەمەللـەرنى تـولۇق ئـادا قىلـىش. نەپلـە ئەمەللەرنىمۇ يەڭگىل سېنىماسلىق، چۈنكى نەپلـە ئەمەللـەرنى كۆپ قىلـىش بەندىنى الله نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

(4) كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَأْمُرُنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلَتَنْهَوُنَّ عَنِ الْمُنْكَرِ أَوْ لَيُوشِكَنَّ اللَّهُ أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عِقَابًا مِنْ عِنْدِهِ ثُمَّ لَتَدْعُنَّهُ فَلَا يَسْتَجِيبُ لَكُمْ ـــ مېنىڭ جېنىم ئۆز قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقايسىلەر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار الله تائالا سىلەرگە ئۆز تەرىپىدىن بىر ئازاب چۈشۈرىدۇ، سىلەر الله قا (يالۋۇرۇپ) دۇئا قىلسىلەر الله دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلمايدۇ. » ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَلَمَّا نَسُوا مَا ذُكِّرُوا بِهِ أَنْجَيْنَا الَّذِينَ يَنْهَوْنَ عَنِ السُّوءِ وَأَخَذْنَا الَّذِينَ ظَلَمُوا بِعَذَابٍ بَئِيسٍ بِمَا كَانُوا يَفْسُقُونَ ـــ ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، الله نىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق. ﴾ ـ سۈرە ئەئراف 165 ـ ئايەت.

(5) ئېتىقاد، سۆز ـ ھەركەت قاتارلىق بارلىق ئەمەللەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش.

(6) الله قا يالۋۇرۇپ، ھال ئېيتىپ كۆپ دۇئا قىلىش.

(ھەرقانداق ئىنسان مەغلۇبىيەت، ئازاب ۋە ھالاكەتكە دۇچار بولغاندا ياكى دۇچار بولۇشتىن ئەۋۋەل دائىم يوقىرىدا سۆزلەنگەن مۇداپىيەلىنىش قورالىرى بىلەن قورالىنىپ تۇرۇشى لازىم. چۈنكى ئىنسان قانداق ۋاقىتتا قانداق مۇسىبەت بىلەن سىناققا دۇچ كېلىشىنى بىلمەيدۇ.)

**ئاخىرقى دۇئايىمىز ــــ پۈتۈن گۈزەل ماختاشلار ۋە مەدھىيەلەر ئالەملارنىڭ پادىشاسى اللهقا خاستۇر.**

## تەرجىماندىن:

اللّٰه ئىنسانلارنى دۇنيادا باياشاتلىققا، غەلىبىگە؛ ئاخىرەتتە مەغپىرەت ۋە رەھمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئۆزى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمْ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ وَرُسُلَهُ بِالْغَيْبِ إِنَّ اللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٌ ــــ بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلارنى ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. اللّٰه، اللّٰه نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) اللّٰه قا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، اللّٰه ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. ﴾ ـ سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەت.

ئىبنى تەيمىيە بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ دىن، ئۆلچەم، تۆمۈرسىز قەتئى بەرپا بولمايدۇ. كىتاب كىشىلەرنى ھىدايەتكە چاقىرسا، تۆمۈر ئۇنى قوغداپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اللّٰه نىڭ دىنغا ياردەم قىلىدىغانلاردىن قىلىشنى تىلەپ مۇنداق دەيتتى: « وَقُلْ رَبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَلْ لِي مِنْ لَدُنْكَ سُلْطَانًا نَصِيرًا ــ

پەرۋەردىگارىم مېنى قەبرەمگە ئوكۇشلۇق كىرگۈزگىن، قەبرەمدىن ئوكۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن.» ــ تىرمىزى رىۋايىتى.

قانداق كىشى الله نىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھەق ۋە كامىل بولغان ئىسلام دىنىنى جان ۋە ماللىرى بىلەن قوغدىسا، الله تائالا ئۇنداق كىشىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئۈستىنكى چوققىسى بولغان جىھاد ئىبادىتى بىلەن قوغدايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇ دىنىنى قوغدايدىغان الله يولىدىكى جىھادقا قايتىش ناھايىتى موھىمدۇر. مۇسۇلمانلار الله نىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن الله قا ياردەم بەرمىسە الله تائالا ئۇنداق كىشىلەرنى « قۇرئان كەرىم » دە ماختىغان ۋە ۋەدە قىلغان كىشىلەرگە ئالماشتۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِلَّا تَنفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْئًا وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ(39) إِلَّا تَنصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ اللَّهُ... ــــ ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. ( سىلەرنى ھالەك قىلىپ ) ئورنىڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر الله قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر*. ئەگەر سىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار ( الله ياردەم قىلىدۇ )، الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى... ﴾ ــ سۈرە تەۋبە 39 ـ، 40 ـ ئايەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ، اللە نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۆز نەپسىنى اللە نىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ؛ رەھمەت، مەغپىرەت ۋە نازۇ ـ نېمەتلەرگە ئېرىشتۈرۈشكە ئېرىشتۈرشى ناھايىتى زۆرۈر.

اللە تائالا «قۇرئان كەرىم» دە ئىسلامغا ئەۋۋەل كۈچ قوشقان ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿... لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ ـــ سىلەردىن (مەككە) فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇل اللە بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەفقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەفقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە اللە جەننەتنى ۋەدە قىلدى. اللە سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.﴾ ـ سۈرە ھەدىد 10 ـ ئايەت.

اللە تائالا يەنە ياخشى ئەمەللەرنى ئالدىراپ ئەۋۋەل قىلغۇچىلارنى ۋە ئۇلارغا نېمەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ (10) أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ (11) فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ ـــ (ئۈچىنجى بىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتلەردە اللە قا يېقىن بولغۇچىلاردۇر.﴾ ـ سۈرە ۋاقىئە 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ ئايەتلەر.

اللّٰه تائالا مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئەمەللەرگە، ئۆزىنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە ئۇلارغا تەييارلانغان جەننەتكە ئالدىراش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿... فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ ـــ ئى مۆئمىنلەر ! ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرالڭلار.﴾ ـ سۈرە مائىدە 48 ـ ئايەت.

﴿وَسَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ ـــ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىگى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.﴾ ـ سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەت.

اللّٰه تائالا جەننەتكە ۋە نازۇ ـ نېمەتلەرگە قىزىقىش توغرىسىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿تَعْرِفُ فِي وُجُوهِهِمْ نَضْرَةَ النَّعِيمِ (24) يُسْقَوْنَ مِنْ رَحِيقٍ مَخْتُومٍ (25) خِتَامُهُ مِسْكٌ وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ ـــ ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونىيسەن. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!﴾ ـ سۈرە مۇتەففىفىن.

﴿رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ ـــ پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ): «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار!» دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن،

يامانلىقلىرىمىزنى يوقىقا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. ﴾ ــ سۈرە ئال ئىمران (193).

﴿ رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ ــ پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى ( يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى ) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. ﴾ ــ سۈرە ئال ئىمران(194).

﴿ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ ــ پەرۋەردىگارادىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانلىرىدا ) مۇتەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن. ﴾ ــ سۈرە ئال ئىمران.

﴿ رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ ــ پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى ئۇرۇش مەيدانىدا ساباتلىق قىلغىن. كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾ ــ سۈرە بەقەرە.

﴿ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلْنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلَانَا فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ لَبَتْ ــ پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق ( يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق )، بىزنى جازاغا

تارتمغىن. پەرۋەردىگـارىمىز! بىـزدىن ئىلگىرىكىلەرگـە يۈكلىگەنگـە ئوچشـاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تـەكلىپ قىلمىغـىن)، پەرۋەردىگـارىمىز! كـۈچىمىز يەتمەيـدىغان نەرسـىنى بىزگـە ئـارتمىغىن، بـىزنى كەچۈرگـىن، بـىزنى مـەغپىرەت قىلغـىن، بىزگـە رەھـم قىلغـىن، سـەن بـىزنىڭ ئىگـىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن.﴾ ـ سۈرە بەقەرە(286).

بـىزنىڭ ئـارىمىزدىن تاللىغـان شەھىدلىرىڭـنى قـوبۇل قىلغـىن. بىزلەرگـە شۇلارنىڭ قانلىرى سەۋەبلىك غەلىبە ئاتا قىلغىن. بىزلەرگـە ئىسـلامنى هـەقىقى قـانۇن قىلالايـدىغان كـۈچ ـ قـۇۋۋەت ئاتـا قىلغـىن. ئـى الله! بىزلەرگـە ئـۆز تەرىپىڭدىن تەقۋالىق ئاتا قىلغىن. ئى الله! بىزلـەرنىڭ ئـۆز ـ ئـارا دوسـلۇقىمىزنى كـۈچيتكىن ۋە هـەقىقى دوسـتلاردىن قىلغـىن، شـۇ دوسـتلۇق سـەۋەبلىك ئەرشىڭـنىڭ سايىسـىدىن ئـورۇن بەرگـىن. ئـى الله! بىزلەرگـە هەقىقـەتنى هـەق كۆرستىپ شۇنىڭدا مۇستەهكەم قىلغىن، بـاتىلنى باتـل كۆرسـتىپ ئۇنىڭـدىن يىراق قىلغىن. ئى الله! كاپىرلار زۇلمى ئاستىدا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقـان ئاتـا ـ ئانـا، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارغا سەبرى ئاتا قىلغـىن، بىزلـەرنى شـۇ بىچارىلـەرنى قۇتقۇزىـدىغان يـاردەمچى قىلغـىن. ئـاخىرقى ئـۆمرىمىزنى هـەق ئۇسـتىدە ئاخىرلاشـتۇرغىن. ئـى الله! بىزلـەرنىڭ مۇرتـەد كـاپىرلار قولـدا تۇرىۋاتقـان دوسـتلىرىمىزنى سـاق ـ سـالامەت قـايتۇرۇپ بەرگـىن. ئـى الله! بىزلـەرنى شەهىدلەرنىڭ قانلىرىغا خىيانەت قىلىدىغانلاردىن قىلمىغىن.

سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ.

(ئافغانىستان بەلخ)

# ئىزاھاتلار

پەرزى ئەين : ئۆزى بىۋاستە بىجىرمىسە ئادا بولمايدىغان ئەمەللەر.

پەرزى كۇپايە: بىر تۈركۈك كىشىلەر بىجىرسە قالغانلاردىن ساقىت بولۇدىغان ئەمەللەر.

مۇستەھەب: قىلسا ئەجىر بىرىلىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئەمەللەر.

مۇشرىك: ئىبادەتتە اللّٰه قا باشقا نەرسلەنى شرىك قىلغان كىشى.

كاپىر: ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن كىشى.

مۇناپىق: كاپىرلىقنى مەخپى تۇتۇپ ئۆزىنى مۇسۇلمان كۆرسەتكەن كىشى.

مۇرتەد: ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان كىشى.

باغى: ئىسلام ھاكىمىيىتىگە بوي سۇنمىغان ۋە قارشى چىققان مۇسۇلمان كىشى.